
# قەشقەر ئەدەبىياتى



19 **2** 82

# مەھمۇت قەشقەرى

غازى ئەھمەت سىزغان


(ماي بوياق رەسىم)

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

(ئابدۇۋەلى ئابدىراخمان فوتوسى)



بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى مەمەت ھېيت ئىشلىگەن.





رەسساملار كۇرسىدا!

# قەشقەر ئەدەبىياتى



1982 - يىل 2 - سان

11 - يىل نەشرى

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇساندا


باھار نەزمىلىرى ........ ( شېئىر ) ........ ئەسقەر ھۈسەيىن 1
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ مەمەتئىمىن تۇرسۇن 3
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ئۆمەرجان روزى 5
بېيجىڭ كوچىلىرى ........ ( » ) ........ ئابدۇرېشىت سەلەي 6
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ھاۋۇدۇن ئىمياز 7
دىيارىمغا ........ ( » ) ........ ھامۇت ماھمۇدى 9
قەھرىمان خەلقىم ........ ( » ) ........ تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 12
باھار كۆڭلۈم ........ ( » ) ........ ئابدۇراخمان روزى 12
قايتا ئېچىلغان ئۈمىت گۈلى ........ (ھېكايە) ........ مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 13
ئاپاللار ھاياتىدىن بىر خاتىرە ........ ( شېئىر ) ........ ئىشقى 26
كەلدى ........ ( » ) ........ ئابدۇللا ئابدۇرېشىت 28
ئاق جۇۋان ........ ( » ) ........ توختى ئەمەت 29
پەرۋاز قىلدۇق كوكتە بىز ........ ( » ) ........ ئامىنە دۆلەت 30
ناخشىچى قىزغا ........ ( » ) ........ شاۋكەت ئابلىمىت 31
قىزىلبايراق قاداش ........ (ھېكايە) ........ ئابلەت ئابباس قۇربانى 32
قار چېچىكى ........ ( نەسر ) ........ ئابدۇراززاق ئەخمىدى 38
شېئىرلار ........ ( شېئىر ) ........ ئابدۇراخمان قاھار 40
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ئەمەتجان قەيۇم 42
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ئابدۇللا ياقۇپ 43
تەقەت ........ ( » ) ........ ئوبۇلھاشىم قاسىم 44
چىمەن ئاخشۇنىڭ قوشاقلىرى ........ ( » ) ........ 45
داغ ........ (ھېكايە) ........ ھۈسەيىن تالىپ 47
ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەت سىددىق يەرشىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى « سەددىقنامە » ھەققىدە
........ مەھەممەت زۇنۇن سىددىق، ئابدۇقادىر يولاق 50
يىلتىزغا مەدھىيە ........ ( نەسر ) ........ تۇرسۇن پازىل 57
ئىككى نەسر ........ ( » ) ........ ئەھمەت دەرۋىش 60
شېئىرلار ........ ( شېئىر ) ........ ئابلىز ھەسەن 64
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ مەمتىمىن زىبىبۇللا 67
شېئىرلار ........ ( » ) ........ زوردۇن ئۆمەر 69
شېئىرلار ........ ( » ) ........ ئابدۇرۇپ پولات 70
كەل جانان ........ ( » ) ........ ئەخمەت مۇساق 71
مەكتەپ قويىندا ........ ( » ) ........ ئوسمان ھوشۇر 72
گەز دەريا بويىدا ........ ( » ) ........ ئابلىمىت ئىمىن 73
ئارزۇ ........ ( » ) ........ زۇلپىقار 75
ئۇرۇق تاللاش ھەققىدە ........ ( » ) ........ م. مەسۇم 75
ئەدەبىي ئوچېرك ھەققىدە ........ ( ئوبزور ) ........ قاۋسىلغان قامجان 76
ۋەتەنپەرۋەرلىك كونكرېت بولىدۇ ........ ( » ) ........ خۇدابەردى ئابدۇللا 86
شېئىرلار ........ ( شېئىر ) ........ زۇنۇن ئەھلى 89
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ئابلەكىم روزى 91
قۇربانجان ........ ( » ) ........ نۇر موللاق 92
ئوغۇل ........ (ھېكايە) ........ م. ئولىزاكا 95
مەسەللەر ........ (مەسەل) ........ 99
گۈللۈك ئەدىيال ........ (ھېكايە) ........ رۇباۋ يىلك 103


يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە يۈسۈپجان ھېيت، ئابدۇللا ساۋۇت، مۇھەممەت ئېلى مەھمۇت، ئېزىز سايىت، يارقىن، ئۆمەر ئوسمان، قۇربان ئىمىن، ياسىن ئىسمايىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ھاجى ئېيسا قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئەسەر، تەرجىمە ۋە فوتو سۈرەتلىرى بار.

# باھار نەزملىرى

ئەسقەر ھۇسەيىن

1

باھار ئەيىيامى كەلدى، بولدى زەپ بىر خۇش ھاۋا پەيدا،
كورۇك ھەر دىلدا شات ھىس، ھەر كالامدا «مەرھابا» پەيدا.

تۇرۇپ ناز ئۇيقىدىن تاللار ئۇسۇل ئەۋجىدە تولغاندى،
ئۇرۇپ دەم تاڭ سەھەر بولغاچ چىمەندە شوخ سەبا پەيدا.

قىيانلار يامرىدى، جان كىردى جۇتتىن مۇزلىغان سايغا،
بولۇپ ئابى باھاردىن باغرىغا مەلھەم ـ داۋا پەيدا.

زىمىستان رەنجى قان قىلغان يۇرەگىن غۇنچە كورسەتتى،
قىلىپ دەردىنى ئىزھار بولدى، بۇلبۇل بىنەۋا پەيدا.

ۋىسال بەزمىسىدە كۇيلەر توقۇپ سانسىز غەزەلخان قۇش،
سېلىپ قەھ ـ قەھ گۇلۇستان ئىچرە قىلدى يۇز نەۋا پەيدا.

چېچەكلەر-گۇل بىزەكلەر گۇلجامال كورسەتتى شاخ ئۇزرە،
ئوتۇپ ئاز كۇن شېكەر ـ شەربەت ئەمەستۇر ئۇندا نا پەيدا.

تۇزەر گۇلدەستە شائىر نەزمىدىن گۇل پەسلىدە بىلكىم،
ئەجەپلەنمەڭكى، ئەسقەر بولسا گۇلشەندەيانا پەيدا.

2

باھار كەلمىش، كوڭۇلدە بولدى خوشلۇق دەمۇ ـ دەم پەيدا،
گادا ئىلكىدە بولغاندەك مىسالى مىڭ دەرەم پەيدا.

باھار پەيزى قەلەمكەشلەر دىلىدا قوزغىدى ئىلھام،
مېنىڭ ھەم بولدى ئىلكىمدە قەدىنازىم قەلەم پەيدا.

زېمىن گۇلدۇر، ساما ھەم گۇل، تەبىئەت تۇتتى گۇلگۇن مەي؛
سىزەر، بولغان كەبى ھەركىم قولىدا جامى جەم ① پەيدا.

---

① جامى جەم ـ قەدىمقى ئىران شاھى جەمشىتنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئاجايىپ خىسلەتلىك جامى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

سېپەر شەپقەت سۈيىن ئاسمان پەرىسى يەر ئۈزە، مىسلى-
ۋىسال ئەيىيامىدا ئاشىق لىۋىدە بولدى نەم پەيدا.

تاراتتى گۈل ئىپاردىن بۇي، ئىرۇر مەست ھەر دىماغ، گويا-
گۈلۈم سۇمبۇلىدىن ① بولمىش دىماغىم ئىچرە تەم پەيدا.

يېشىلگەن تال - تېرەك بەستىدە كاككۇكلار ناۋا سازلار،
ئېتاگدۇر، بولمىغى زاغ كوكسىدە دەردۇ - ئەلەم پەيدا.

كەل ئىي گۈل يۈزلىگىم گۈلزارغا، ئەسقەر بىرلە بول ھەمدەم،
نەخۇشتۇر، ئول غېرىپ ئالدىدا بولسا شاھ سەنەم پەيدا.

3

سايرايىن بۇلبۇل بولۇپ كەلگەچ باھار ئازارسىز،
ھەم كۇلەي كاككۇك بولۇپ ھەر لەھزە ئاھۇ زارسىز.

ۋادەرىخا، قىش بويى ئوتتۇم كۈنۈ - تۈن بىنەۋا،
ئاھ، قاچان قىلغان ناۋا بۇلبۇل گۈلۈ - گۈلزارسىز.

بولدى كوڭلۇم خانىسىگە قايغۇ مېھمان، دىل سۇنۇق
بولمىغاي ئاشىق دىلى ھەرگىز پۈتۈن دىلدارسىز.

بولدى چېھرىم گۈل غېمىدە كەھرىۋا يەڭلىغ سېرىق،
گۈلنى قويىكىم، بولدى ئول جانانە گۈل رۇخسارسىز.

ناخشىلار قالدى تىنىپ قەلبىمدە ئېيتماي بىر مەھەل،
مۇڭلۇنۇپ چاڭ توپا ئىچرە ياتتى تەمبۇر تارىسىز.

قالمىدى مەن كىرمىگەن كوي، ئەي باھار ۋەسلىڭ ئۈچۈن،
نە ئەجەپ، مەجنۇن بولسا لەيلىنى دەپ ئارىسىز.

ئېخ باھار، كەلدىڭ مانا، ئاچتىم قۇچاق دەپ مەرھابا،
كىم دىگەي ئەسقەرنى ۋەسلىڭ بەزمىسىدە يارسىز.

4

گۈل چېغى، گۈل دەپ كىرىپ، كوردۇم سېنى گۈلشەن ئارا،
سېنى گۈل قىلدىم قىياس ئول نەرگىسۇ - سەۋسەن ئارا.

---

① سۇمبۇل — چاچ مەنىسىدە

«لاپ»قىلىپ يانغاندا ئوتلۇق كوزلىرىمنىڭ يۇلتۇز كەبى،
«جىغ» قىلىپقالدى يۈرەك، ئوت چۈشتى جانۇ ـ تەن ئارا.

كۆل زىناقىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قارا خالىنى كورۇپ،
دەپتىمەن بال ھەرىسى پاتقان پۈتى گۈلقەن ئارا.

بىر بېقىپ، ئىككى موكۈپ ئالدىڭ ئەقىلدىن سەبرىنى،
ناگىھان كەلدىم قېشىڭغا باغلىنىپ بۇ فەن① ئارا.

«كەل» دېدىڭ تاتلىق كۈلۈپ «كەلدىم» دېدىم بەردىم سالام،
جۈپ ئىدۇق تاق چۈشتى سايە كول سۈيى رۇشەن② ئارا.

سەن دېدىڭ: ساپ سۆيگۈمىزگە ئەھدىمىز بولسۇن كېپىلى،
مەن دېدىمكىم: ۋەدە يالغان بولمىغاي سەن، مەن ئارا.

دوست ئارا قويساڭ جاپاغا قويغىل ئىي يار مەن رىزا،
قويمىغىل ئەسقەرنى ئەسلا كۈلكۈگە دۈشمەن ئارا.

❁❁❁❁❁❁❁❁❁

# ئىككى شېئىر

مەمەتئىمىن تۇرسۇن

## ۋەتەنگە

كۈيلىدىم،چالدىم راۋاپ زەخمەك ئۇرۇپ ساز تارىغا،
ۋەتىنىم ناخشامدا نامىڭ ياڭرىدى يەر شارىغا.

پارتىيە تۇغچىڭ بولۇپ بەختىڭ ئۈچۈن قىلدى كۈرەش،
ئوت يېقىپ جان ئىگرىغان شۇ دەرت ـ ئەلەملەر غارىغا.

ئېخ، يۇيۇلدى ئار ـ نومۇسلۇق داغلىرىڭ قانلار بىلەن،
تولدى تارىخىڭ گوھەرگە شان ـ زەپەر داستانىغا.

---

① ـ فەن ـ ھۈنەر. ② رۇشەن ـ سۈزۈك مەنىسىدە.

قىپ - قىزىل نۇر ئىلكىدە سەن دەس تۇرۇپ قەد رۇسلىدىڭ،
تاڭ شارابى لىق قۇيۇلدى چىن بەختىنىڭ جامىغا.

قىلدى جەۋلان يۈزدە كۈلكە، دىلدا شاتلىق-ئىپتىخار،
تولدى قوينۇڭ گاڭ بىلەكلىك ئوت يۈرەك مەردانىغا.

مىڭ باھارنىڭ جىلۋىدار ھوسنى ساڭا بولدى نەقىش،
چوللىرىڭ كۈلدى تولۇپ باغنىڭ ئىسىل رەيھانىغا.

سەن ئۈچۈن سۆيگۈ - مەھەببەت كۈچ - ئەقىل بولدى تازا،
قۇچىغىڭ تولدى چېلىشنىڭ قاينىغان مەيدانىغا.

پارتىيە رولچىڭ سېنىڭ، يولچىڭ سېنىڭ ئەي جان ۋەتەن،
سەندە خەلقىم يەتكۈزۈسى پارلاق گۈزەل ئارمانىغا.

## قەھرىمان قەلبىدىن...

ۋەتىنىم مىڭ - مىڭ ئىزىزسەن بۇ ئىزىز جان ئالدىدا،
تۆپرىغىڭغا تامچىغان ساپ قىپ - قىزىل قان ئالدىدا.

سەندە كوز ئاچتىم - يېتىلدىم ياشلىغىم ئاچتى چېچەك،
ئۆتتى بىز ياشلىق ھاياتىم لالە - رەيھان ئالدىدا.

سىڭدى چىن مېھرىڭ دىلىمغا ياندى ئىشقىم سەن ئۈچۈن،
شۇڭا مەن بولدۇم پىدايىڭ بارچە ئارمان ئالدىدا.

تۆپرىغىڭنى جان تىكىپ قوغداش مېنىڭ بەختىم، دىنىم،
ئەڭ مۇقەددەس ئىززىتىم بۇ قەلبۇ - ۋىجدان ئالدىدا.

نىمە ئەڭ كەلگەي ۋەتەن، ئالەمدە ئۆز يۈرتى ئۈچۈن،
چىن ۋاپالىق ياشىسا ۋە ئۆلسە نىشان ئالدىدا....؟

# ئىككى شېئىر

ئومەرجان روزى

1

ئېيتمەن دائىم ۋەتەندىن ئۆزگە شوھرەت يوق ماڭا،
ئۇ مېنىڭ پەخرىم، ئۇنىڭدەك تاجى ـ دولەت يوق ماڭا.

دەيدۇلەر: جەننەت گۈزەل، ئەمما ئۇ بىر ئەپسانىدۇر،
بۇ جاھاندا ۋەتىنىمدىن ئارتۇق جەننەت يوق ماڭا.

خەلقىمىز روھلۇق، كۈرەشچان ھەم ئىناق ھەم مېھرىبان،
نەگە بارماي يەكلىنىش ۋە ياكى زەخمەت يوق ماڭا.

بەختىيارمەن كۈيچىسى بولدۇم ۋەتەننىڭ بىر ئۆمۈر،
كۈيلىبان ئۆتمەكتىن ئالى ئارزۇ ـ مەقسەت يوق ماڭا.

باركى نۇر چاچقان ۋەتەنگە كومپارتىيەم پاتماس قۇياش،
بەھرە ئالغاچ نۇرىدىن مەڭگۈ رىيازەت يوق ماڭا.

2

كوكۈل گۈلزارىغا قوندى خوشاللىق بۇلبۇلى ئەمدى،
باھار نۇرى بىلەن ئاچقاچ توكۇلمەس بەخت گۈلى ئەمدى.

بۇ گۈلزار ئىچرە شات بۇلبۇل قىزىلگۈل ۋەسلىگە يەتكەچ،
ئەجەپ لەرزان، ئەجەپ ياڭراق ناۋاسى ـ مەرغۇلى ئەمدى.

قىلۇر جەۋلان زەپەر توغى قىزىغان مەردۇ ـ مەيداندا،
ئۇچار قانات ياساپ بۈيۈك سەپەرنىڭ دۇلدۇلى ئەمدى.

شۇ ئىقبال جامىدىن ئۇتلاپ ئۈمىت شارابىغا قاندى،
زامان پەرھاتلىرى يايراپ قېنىپ تەشنا دىلى ئەمدى.

قوشۇننى باشلىغاچ داغدام بۇ يولدا پارتىيە ـ سەردار،
كورۇندى پاقىراپ نۇرلۇق سەپەرنىڭ مەنزىلى ئەمدى.

# بېيجىڭ كۈيلىرى

ئابدىرىشىت سەلەي

## بېيجىڭگە قاراپ

چاقنار ئىدى كوپتىن بۇيان ئۇمىت كوكىدە،
ئارزۇيۇمنىڭ زەر چولپانى چوغ كەبى پارلاپ.
خاسىيەتلىك نەۋ باھارنىڭ ئالتۇن تېڭىدا،
پۇرسەت كېلىپ ئۇچتۇم خۇشال بېيجىڭگە قاراپ.

كۇمۇش لاچىن كوتۇرۇلدى سۇزۇك ساماغا،
باقتىم يەرگە ئۇنىڭ كوركەم دېرىزىسىدىن.
تولدى قەلبىم ئەجەپ ئوتلۇق ھىس ـ ھاياجانغا،
ۋەتىنىمنىڭ گۇزەل، ھەيۋەت مەنزىرىسىدىن.

خۇددى شاخمات تاختىسىغا ئوخشاش ئېتىزلار،
ئەسلىتىدۇ دەريا ـ كوللەر سۇزۇك ئەينەكنى.
گۇل ـ چېچەكتىن رەڭدار گىلەم يايغان ۋادىلار،
تاۋلىنار ئۇز، مەپتۇن قىلىپ ھەربىر يۇرەكنى.

كوتۇرۇلەر ئورلەپ كوككە تۇرخۇن ئىسلىرى،
بىنا بوپتۇ زور شەھەرلەر گوبى ـ چوللەردە.
ئۇچماقتىمىز شوخ تەلپۇنۇپ كۇن چىقىش سېرى،
ئەكس ئېتىدۇ لاچىنىمىز تىنىق كوللەردە.

مەپتۇن بولۇپ ۋەتىنىمنىڭ گۇزەللىگىگە،
قالدىم تۇيماي ھور بېيجىڭگە كەلگەنلىگىمنى.
قويدۇم قەدەم خۇش مۇبارەك زېمىنىگە،
قىلىپ ئىزھار تىيانشاننىڭ مۇھەببىتىنى.

## بىيجىڭ

ئۇلۇق بىيجىڭ ـ ھور بىيجىڭ،
سەن ئېلىمنىڭ يۈرىكى.
سېنى كورۈش ھەر دىلنىڭ،
ئەڭ مۇقەددەس تىلىكى.

ئەزىزانە قەشقەردىن،
كەلدىم ئىللىق قوينۇڭغا.
تىزىپ گوھەر كۆيۈمدىن،
ئاستىم گۈزەل بوينۇڭغا.

قۇچاقلىرىڭ چىمەنزار،
گۈلگە تولغان باغلىرىڭ.
نەۋ باھارنى ئەسلىتەر،
كوكۈللۈك خۇش چاغلىرىڭ.

كوچىلىرىڭ ئازادە،
ياراشقان زور بىنالار.
دۈككانلاردا پەۋەستۇر،
رەڭدار، ئېسىل ـ خىل ماللار.

جەۋلان قىلار قىزىل توغ،
تىيەنئەنمىندە يەلپۈنۈپ.
باقتىم زور ھاياجاندا،
جۇڭنەنخەيگە تەلپۈنۈپ؛

قېرىنداشلىق مېھرىدە،
دوستلار ئىللىق باقىدۇ.
مۇھەببىتىم دەرياسى،
سەن تامانغا ئاقىدۇ.

## ئىككى شېئىر

باۋۇدۇن نىياز

### شىنجاڭ ھەققىدە غەزەل

جانىجان ئۆلكەم سېنىڭ باغرىڭ گۈزەل جەننەت ماڭا،
سەندە ئۆتكەن ھەر دەقىقە مىسلىسىز لەززەت ماڭا.

گۈللىدى ياشلىق باھارىم پارلىغان ھور تاڭ بىلەن،
بەختىيار قىلدىڭ مېنى ياغدۇرۇپ شەپقەت ماڭا.

جان ـ جىگەر ئوغلۇم دىدىڭ قەلبىمدە قوزغاپ ئىپتىخار،
باغلىدىڭ رىشتىمنى مەھكەم كورسۇتۇپ خىسلەت ماڭا.

بەختىيار جۇڭخۇا ئېلىنىڭ يېڭى شىنجاڭ ئوغلىمەن،
سەن بەخش ئەتكەن بۇ نام مەڭگۈلۈك شوھرەت ماڭا.

مەرىپەتلىك تارىخىڭ بار يەر ـ زېمىن زوقلانغىدەك،
ھەرقېتىم كورسەم يېڭىچە يەتكۈزەر ھىكمەت ماڭا.

سەن تونۇلغان يەر ـ جاھانغا «ناخشا ـ ئۇسۇل كانى» دەپ،
مەڭگۈلۈك راھەت بېغىشلار شۇ ئىسىل سەنئەت ماڭا.

قاپلىغاندا بىر مەھەل ئۇستۈڭنى مۇدھىش جۇت ـ تۇمان،
مەنمۇ قالدىم شۇ تۇماندا يەتتى كوپ قىسمەت ماڭا.

قوتردى جىنلار دېۋەيلەپ قامچىسىنى ئوينۇتۇپ،
ئانا يۇرتۇمغا مۇھەببەت بوپتىمىش ئىللەت ماڭا.

ھەق ـ ئادالەت زەربىسىدىن تاپتى جىنلار گورىنى،
شۇ ئۇلۇق كومپارتىيەم بەرگەچ بۈيۈك نۇسرەت ماڭا.

قايتىدىن نۇرلاندى ھوسنۇڭ ياڭرىدى ناخشاڭ يەنە،
سەن ئۈچۈن تۈزمەككە نەزمە كەلدى چىن پۇرسەت ماڭا.

چاچلىرىمغا كىرسىمۇ ئاق جۇر ئېتىم تاغدەك مېنىڭ،
چۈنكى ئىشقىڭ تائەبەتكە توگىمەس قۇدرەت ماڭا.

خەلقىمىز شانلىق سەپەرگە چۈشتى تولپار ئوينۇتۇپ،
مەنمۇھەم شۇ سەپتىمەن تاپشۇر يېڭى خىزمەت ماڭا.

ئەل ئۈچۈن چەككەن جاپا راھەت ـ پاراغەتتۇر ھامان،
كويىقاپقا مەن باراي قىلساڭ مەگەر رۇخسەت ماڭا.

## سپورتچى ياشلارغا

شان قۇچۇپ ئورلەشكە دائىم مەرت يىگىت ئوغلان كېرەك،
ئەلنى قوغداشتا چېنىققان تاغ سۈپەت پالۋان كېرەك.

گەپ بىلەن ـ لاپ گەپ بىلەن بولمايدۇ قورغان ئالغىلى،
ياۋنى يەڭمەككە چېنىقچان شىر يۈرەك ئىنسان كېرەك.

چېنىقىپ ئۇسمەكتە ساغلام دەۋرىمىزنىڭ ياشلىرى،
كەلگۈسىگە ئەنە شۇنداق گاڭ بىلەك مەردان كېرەك.

تېز چېپىلىق دۇلدۇل مىسالى چوققىغا ئورلەڭ يەنە،
دەۋرىمىزچۇن سىزگە ئوخشاش چارچىماس چاققان كېرەك.

❂❂❂❂❂❂❂❂❂❂

# دىيارىمغا

هامۇت ماهمۇدى

سۆيۈندۈم مەن كىلىپ كىندىك قېنىم تامغان دىيارىمغا،
تۇمەن دەرياسىدىن زەمزەم ئىچىپ قاندىم خۇمارىمغا.

بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ مەن قانچە دەهشەتلىك زىمىستاننى،
ئېرىشتىم ئاقىۋەت بىر مىسلى جەننەت گۈل باهارىمغا.

ماڭا كۈندۈزمۇ تۈندەكلا تۇيۇلغان ئەردى بىر چاغلار،
يىتىشتىم ئاھ، بۇگۈن مەن ئاززۇ قىلغان ناهارىمغا.

كۆلۈپ سۈرتتۇم كوزۇمگە «تۇتىيا» دەك ئۇشبۇ تۇپراقنى،
سەۋەپكار بولدى شۇل تۇپراق كوزۇمدىن نۇر چاچارىمغا!...

قۇلۇپلاغلىق ئىدى كوڭلۇم، تېپىلدى ئاچقۇسى مۇندا،
مۇيەسسەر بولدۇم دىل دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچارىمغا.

«بالام بول مەڭگۇ ۋىجدانلىق!» دىگەن سوزنى ئانام بىر چاغ
يېزىپ قويغان ئىدى بوينۇمغا ئاسقان تىل ـ تۇمارىمغا.

مېنىپ ئويىنار ئىدىم مەن تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئۇ چاغ،
ئەلىنىڭ دۇلدۇلىمۇ تەڭ كىلەلمەيتتى چاپارىمغا...

ئېسىغلىق ئەردى بوينۇمدا پالىلداپ بىر قېلىچ، ياچاق...
كىشى هەيران قالاتتى توچكىنى چەنلەپ ئاتارىمغا.

ئاتام ئېيتقان ئىدى: «ئوغلۇم هامان بولغىن ۋەتەنپەرۋەر!
ئۇنىڭسىز مەن يىتەرمەن دىمىگىل هور يەختىيارىمغا».

ئاتا - ئانام خىتابى مەن ئۈچۈن ئۇتلۇق شوئار بولدى،
بالاغەتكە يېتىپ قىلدىم ئەمەل مەزكۇر شوئارىمغا!

بۇنىڭغا مەن ئۆزۈملام يەككە - يىگانە ئەمەل قىلماي،
داۋاملىق سىڭدۈرەرمەن روھىنى ھەم ئىزباسارىمغا.

ئىرىشتىم ھەم ئىرىشقايمەن، يېرىم يولدا ھېرىپ قالماي،
ئاتام ئېيتقان بويىچە مەڭگۈ بەختىمنى تاپارىمغا.

«ۋەتەن!» دەپ ئىشلىسەم كۈن - تۈن ئۈزۈلمەس دەرمىنىم قىلچە،
قوشۇلغاي ھەر مىنۇت تاغدەك مادار قوشلاپ مادارىمغا.

ۋەتەننىڭ ئىشقىغا دۇنيادا تەڭداش ئىشقىيات بارمۇ؟!
جاھان ۋولقانلىرىمۇ تەڭ كېلەلمەس ئىشقى نارىمغا

ۋەتەننى قانچە سۆيسەم مەن، ئېلىم سۆيگەي مېنى شۇنچە!
چۈشۈرمەيمەن بىرەر شۈبھە بۇ ھورمەت - ئېتىبارىمغا.

جاھاندا ھېچ نىمە ھېچ تاندۇرالماس بۇ ئىرادەمدىن!
ۋەتەننىڭ مېھرى يول قويماس بۇ ۋەدەمدىن تانارىمغا.

دىمەك: شۇنداق ئەزىزانە ۋەتەندىن پەخىرلەنگەيمەن،
جاھاندا ھېچ نىمە كەلمەيدۇ تەڭ بۇ ئىپتىخارىمغا!

× ×

جاھان رەناسىنىمۇ بەلكى مەگستىمەيمەن كوڭلۇمدە،
بېھىشنىڭ ھورلىرى ھەم تەڭ كېلەلمەس ئۆز نىگارىمغا.

ئەگەر بولغاندا مەن پەرھات، يۇرتۇمدا شىرىنىم مەۋجۇت!
يانار قەلبىمدە بىر ئاتەششىبۇ جانانە يارىمغا.

ئۇنىڭ مېھرى قۇشى ھەركۈندە مىڭۋاخ تەلپۈنۈپ دائىم،
قونۇپ سايرايدۇ كۈن - تۈنلەپ كۆڭۈل باغى چىنارىمغا.

بۈگۈن ئىلھاملىرىم گويا بۇلاقتەك قايىندى-تاشتى،
دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ تەڭ كېلەلمەس بۇ تاشارىمغا.

ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتكەن ئىكەن تەلكى داۋا نىدىن،
ئىشەنچىم زوركى ھەتتا مۇز ـ داۋا نلاردىن ئاشارىمغا.

دىمەك يىغلاپ تۇغۇلماىمىز، كۈلۈپ ئۆلمەكنى ئىزلەيمەن،
كېمىل بولغاي ھەقىقى كومپارتىيەم كۈلۈپ ياشارىمغا.

مىرادىم بولسا ھاسىل ھەر جەھەتلەردىن ياغار ئامەت!...
ئۈتۈقلار ئۈستىگە تولغاي ئۈتۈق بەختى تاغارىمغا.

## ئۇلۇق دەۋرانىنى كويلەيلى

يۇسۇپجان ھېيىت

ئىلىم ـ پەن مەۋسىمى كەلدى، جۇلالاندى ئەقىل شامى،
ۋەتەن بەرگەن مۇھەببەتتىن قىيامىغا تولدى دىل جامى.

كۈمۈش رەڭ سۇپ ـ سۈزۈك ئاسمان ئادالاندى تۇتەك ـ چاڭدىن،
قاناتلاندى ئىجات ئىشقىدا شائىر پىكرى ـ ئىلهامى.

كېلىڭلار دوستلار ئومىلۇكتە ئۇلۇق دەۋرانىنى كۈيلەيلى،
نەقىش بوپ ئورنىسۇن تارىخ بېتىگە نەسلىمىز نامى.

ئىجات سەنئەت بېغىدا گۈل پېچەكلىسۇن خىلمۇ ـ خىل رەڭدە،
ئىمىن تاپسۇن يۇسۇپخاس، مەخمۇدى، ناۋايى، ھەييامى.

چاقىلداپ سايرىسا بۇلبۇل گۈزەل تاڭ پەيزىدە ھەر چاغ،
ئايان بولغان جاھانغا ھور دىيار ئىقبالى، ئىكرامى.

يىتەيلى قەدرىگە بۇ كەڭ ئىجات پەيتىنى چىڭ تۇتۇشلاپ،
دەپىن ئەيلەيلى ئەل بۇزغان بالاخور پىتنە ـ ئىغۋانى.

سۇرۇلدى سەھنىدىن سولقاي سىياسەتۋاز بىدئەتلەرمۇ،
ئوقۇلماس بولدى قازناقتا بىمار دەردىگە رەننامى.

تۇتۇپ قوللارنى قوللارغا باسايلى ئالغا ئەي دوستلار،
شاراپ تۇتسۇن ئىلى، تارىم، زەرەپشان، بوغدا، سايرامى.

## قەھرىمان خەلقىم

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

مۇھەببەت ، ھورمىتىم چەكسىز ، ساڭا ئەي مېھرىۋان خەلقىم ،
ياراتتىڭ موجىزە سانسىز توكۇپ تەر قەھرىمان خەلقىم .

ئەزەلدىن جەڭدە ، ئەمگەكتە ھالال مېھنەتنى سۆيگەچكە ،
ساڭا باش ئەگدى مۇشكۇللەر ، ئەقىللىق پەھلىۋان خەلقىم .

سېنىڭ ئەجرىڭدە جەننەتتەك دىيار گۈللەپ روناق تاپتى ،
ھالاۋەت كەۋسىرى ئىچتىڭ خوشال ياشاپ ھامان خەلقىم .

بىنالار سۆيدى ئاسماننى ، گۈلىستان بولدى ھەر يانلار ،
ياراتتىڭ يېڭى داستانلار كۈرەشتە تالمىغان خەلقىم .

يەنە يۈكسەل قاراپ ئالغا ـ گۈزەل كەلگۈسى ئىقبالىغا ،
مەدەتكار پارتىيەم بار ، ساڭا مەنسۇپ غەلىبە ـ شان خەلقىم .

**********

## باھار كۆڭلۈم

ئابدىراخمان روزى

ۋەتەن قوينى باھار بولغاچ ، مېنىڭمۇ ھەم باھار كۆڭلۈم ،
باھار ئىشقىدا يالقۇنلاپ يانار تاغدەك يانار كۆڭلۈم .

ئەجەپ ياخشى ئېچىلدى گۈل باھار قوينىدا رەڭگا ـ رەڭ ،
شۇبۇ كوكلەمگە ـ گۈللەرگە گويا بۇلبۇل خۇمار كۆڭلۈم .

باھاردەك ياشنىغان كۆڭلۈم بۇ گۈللەرگە تىزار نەزمە ،
باھارغا سوۋغا شۇ نەزمەم ، شۇ گۈلدىن زوقلىنار كۆڭلۈم .

باھار ھۆسنىگە ئاشىقمەن ئۇنىڭ پەيزىدە ياشنايمەن ،
ياشاردى قايتىدىن جانلار ، باھاردەك لالىزار كۆڭلۈم .

# قايتا ئېچىلغان ئۈمىت گۈلى

(ھېكايە)

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

گوھەر قىز ئەتىسىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا سائەت 6 بولغان ئىدى. ئاخشام بالدۇرراق يېتىپ، سەھەر تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان خۇشاللىق ھاياجانىدىن ۋۇجۇدى تىترەپ، ئۇيقۇسى قېچىپ، نە ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت "مەن مۇكىشىلىك ئورنۇمنى تاپتىم، ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئاھ... مەن قانداق بەختلىك!..." دىگەن سادا جاراڭلايتتى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى ئانا-بالا ئىككەيلەن قانچە ئارمان قىلغان ئىدى-ھە!؟... ئۇنىڭ خىيالى ئىختىيارسىز ئانىسى تەرەپكە ئاغدى.

"ئىسست... جىنىم ئانام! بىر يىل ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگەن بولساڭ، ئىككىمىز ئۈمىت قىلغان ئارزۇ گۈلىمىزنىڭ ئاخىر ئېچىلغانلىغىنى كۆرگەن بولساڭ نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى... شۇ تاپتا، ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەن، بەلكى خۇشاللىق ياشلىرىمىزنى تۆكۈشۈپمۇ كەتكەن بولاتتۇق. ئەتە تۇنجى قېتىم ئىشقا ماڭغىنىمدا، بەخت نۇرى پارلىغان كۆزلۈرۈڭ بىلەن ئۇزۇتۇپ قالاتتىڭ..."

ئۇ ھازىرقى خۇشال كۆڭلىنى كۆڭۈلسىز ئەلەملىك خىياللار بىلەن كىر قىلىشنى خالىمىسىمۇ، مېھرىبان ئانىسىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

"ئاھ... رەھىمسىز ئەجەل!" دەپ خورسىنىپ كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ يېنىغا ئۆرۈلدى-دە، كۆزىنى چىڭ يۇمدى. ئۇ، ئاخىر ئۇخلاپ قالدى...

6 گە توغرىلاپ قويۇلغان سائەتنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان گوھەر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ چايغا ئوت ياقتى. دادىسى بىلەن ئۇكىسىغا چاي راسلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ داستىخانغا كېلىشىنى كۈتمەيلا چېيىنى ئىچىپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇ، ئىش ئورنىغا كېلىپ، ماگىزىننىڭ ئارقا قورۇسىغا كىرگەندە، سائەت يەتتە يېرىم بولغان ئىدى. خىزمەتداشلىرى تېخى كەلمىگەن، ماگىزىن مۇدىرى چەينەكتە سۇ كۆتۈرۈپ، ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ، تارتىنىپ ئاستاغىنە كىرىۋاتقان گوھەر قىزغا قاراپ، قولىدىكى سۇنى يەرگە قويدى-دە:

— ھە، كەلىسلە، تېچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھودۇقۇپ قالغان گوھەر قىز يەرگە قاراپ سالاملاشقاچ:

— بەك ئەتىسىگەن كېلىۋالدىممۇ نىمە؟ — دەپ خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ سورىدى.

— ياق-ياق، ياخشى قىلىپلا، قېنى ئۆيـ
گە كىرسىلە، -دەپ تەكلىپ قىلدى مۇدىر.
شۇ ئارىدا گوھەر قىزنىڭ خىزمەتداشلىـ
رىمۇ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى.
— مانا يېڭى مېھمىنىمىز سەھەردە كېلىۋاپـ
تۇ ئەمەسمۇ،-دەپ ئىشىكتىن چاخچاق قىـ
لىپ كىردى پىرگازچىك ئايال.
- دەسلەپتە شۇنداق بولىدۇ، - دېدى يەـ
نە بىر ئايال قاشلىرىنى سۈزۈپ. گوھەرقىز
ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ گېـ
پىگە قۇلاق سالدى. ئۆزى ئۇنچۇقمىغان
بولسىمۇ كۆڭلىدە "ياق، مەن ھەرگىز ھېرىپ
قالمايمەن. سولغان گۈلۈمنى قايتا ئېچىلدۇر -
غان پارتىيىمىزنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىـ



دىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، يېتىشكەن ئارـ
زۇيۇمنىڭ قەدرىگە يېتىمەن" دەپ ئويلىدى.
گوھەر قىز بويسۇغىدىن پۈتىنى ئاۋايلاپ
ئېلىپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى. كويا خىز -

مەتداشلىرىنىڭ دۇككان ئېچىش تەييارلىقـ
لىرىنى دىققەت بىلەن كۆزۈتۈپ دىلىغا پۈكـ
تى. قولىدىن كېلىشىچە تازىلىق ئىشلىرىغا
قاتناشتى. قولىغا ھول لاتىنى ئېلىپ پۈكەيـ
لەرنى، ئەينەك جازىلارنى پاكىز سۈرتتى.
خېرىدارلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇ قولىدا تاـ
لۇن تۇتۇپ، پۈكەينىڭ ئالدىغا كەلگەن ئاـ
يالغا ھۆرمەت بىلەن:
-كەلسىلە، قايسى خىل رەختنى ئالاي؟-
دەپ كۈلۈپ سورىدى.

× × ×

گوھەرقىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ
ئەندىلا ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىنىدا "مەدەـ
نىيەت ئىنقىلاۋى" باشلانغان ئىدى. بىرەر
ئىككى ئاي ئوقۇشىغا،
بارغانسېرى قويۇقلىشىـ
ۋاتقان ئىنقىلاپ ھاۋاـ
سى ئوقۇشنى توختۇتۇپ
قويدى. ئۇمۇ ئوقۇغۇچىـ
لار قاتارىدا مەكتەپتىكى
"مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى"
پائالىيەتلىرىگە قاتـ
ناشتى. ئانىسى زەينەپـ
خاننى گاڭگىرىتىپ،
توسقىنىغا ئۇنىماي كېـ
چىك شىكلى راسلىـ
تىپ، "چوڭ ئەنلىيەن قىلىـ
دىكەنمىز، قاتناشـ
مىسام كەمچىلىك بولىـ
دۇ" - دەپ يىغلاپ
يۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈچ كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن، ھارغان، ھېچ ھالى قالـ
مىغان، لەۋلىرىنى گەزىداغلاپ كەتكەن ھالدا
قايتىپ ئۆيگە كەلدى. ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي

قالغان ئادا قىزىنىڭ سالامەت قايتىپ
كەلگىنىگە خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ كىيىم -
كېچەكلىرىنى تۈزۈتۈپ، باش - كۆزىدىكى
توپىلارنى سۈرتۈپ، ئالدىغا غىزا قويدى.
— جېنىم بالام، ئۈچ كۈندىن بىرى نەلەردە
يۈردۈڭ؟ سەن تېخى كىچىك، قىز بالا تۇرساڭ بۇ
ئىنقىلاپتا نىمە ئىش قىلىپ بىرەلەيسەن،
يۈرۈكۈم سۇ بولۇپ كەتتى، مېنى ئۇنىداق
قورقۇتمىغىن،- دىدى يالۋۇرۇپ.
شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپلەردىكى ئوقۇش،
تەلىم- تەربىيە ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختىدى.
گوھەر قىزدەك يېشى كىچىك ئوقۇغۇچىلار
مەكتەپكە بېرىشنى توختاتتى.
گوھەر قىز سۆيۈملۈك مەكتىۋىنى، ساۋاق-
داشلىرىنى، ئۇستازلىرىنى سېغىناتتى. قا -
چان ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا
يوليورۇق چىقاركىن دەپ تاقەتسىزلىك بى-
لەن كۈتەتتى.
70 - يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كېلىپ
بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تاغ
ۋە يېزىلارغا بېرىپ ماكانلىشىپ، كەمبە -
غەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ
قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش توغرىسىدا يول-
يورۇق چىقىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچى-
دە 10 - سىنىپنى پۈتتۈرگەنلەردىن تارتىپ
باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئەمدىلا تو-
لۇقسىز ئوتتۇرىغا كۆچكەن ئوقۇغۇچىلارمۇ
بار ئىدى. بىر نەچچە يىل بىكار يۈرۈپ زې-
رىككەن بۇ باللار "يەنەكوللىكتىپ بولۇپ
ئۆيۈشىدىكەنمىز" دەپ بىر - بىرى بىلەن
كورۇشۇپ، بىر ئورۇنغا بېرىش توغرىسىدا
مەسلىھەتلىشىپ، ئىنتايىن خوشاللانغان ئىدى.
ئاتا - ئانىلار نىمە قىلارىنى بىلمەي، تېخى
كىچىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى
يوق باللىرىغا قاراپ:

"ھەممە يەرنى قالايمىقانچىلىق باسقان
ۋاقىتتا بۇ باللار يېزىلاردا نىمە
ئىش قىلار؟" دەپ غەم - ئەندىشىدە قېلىشاتت-
تى. تۈركۈم-تۈركۈملەپ يىراق - يېقىن ناھى-
يىلەرگە چېنىقىشقا مېڭىۋاتقان ساۋاقداش-
لىرى قاتارىدا گوھەر قىزمۇ پ. ناھىيىسى-
گە كەتتى. گۈڭشېدا بولۇنغان زىيالى ياش-
لارنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇزا-
كىرىدە، بەزىلەر ئۇلارنى گۈڭشېنىڭ ئەت-
راپىدىكى شىياۋدۈيلەرگە ئورۇنلاشتۇرايلى،
ئۇلار شەھەردىن بىرىنچى قېتىم ئايرىلغان
ياش، تەجرىبىسىز باللار، مۇشۇ كوچۇم-
رەك يەردە كونۇپ قالار، - دىدى. "ھوقۇق-
دارلار" نى ئاغدۇرۇشتا داڭ چىقارغان، گۈڭ-
شې ئىنقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ياش ھەي-
ئەت ئەزالىرىدىن بىرى سوز ئېلىپ:
— ئۇلار بۇ يەرگە كونۇش - كونەسلىك ئە-
مەس، بەلكى ئۆزىنى پۇرولېتارىياتنىڭ قات-
تىق سوقەكلىك جەڭچىلىرىدىن قىلىپ چې-
نىقتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇلار جاپالىق
يەرلەردە ياخشى چېنىقىش پۇرسىتىگە ئىگە
بولالايدۇ. يىراق، نامرات شىياۋدۈيلەر ئا-
دەم كۈچىگە مۇھتاج. شۇ يەرلەرگە ئەۋەتەي-
لى، دىدى. ئۇنىڭ سوزىگە قارشى ھېچكىم
بىر نىمە دىيەلمىدى. باللار يىراق - يى-
راق شىياۋدۈيلەرگە بىر نەچچىدىن بولۇۋې-
تىلدى. گوھەر قىز 5 ساۋاقدىشى بىلەن 3 ئا-
ئىلىلىك دىخان ئورۇنلاشقان مەھەللىدى-
كى گۈڭشې ئەزاسى ئايىمخان موماينىڭ بىر
ئېغىز ئويىگە ئورۇنلاشقان ئىدى. كوز يې-
تىم يەرلەردە ئاشۇنداق كىچىك - كىچىك
مەھەللىلەر كورۈنەتتى. ئەتراپتا زىرائەت تې-
رىلغان يەردىن كورە، شور ئورلەپ، قوزاق-
لىشىپ تۇرغان بىكار يەرلەر كوپرەك ئىدى.
ئېرىق بويلىرىدىكى چاتقالدەك قويۇق شاخ-

لاپ ئۇسكەن تىكەنلىك جىگدە كوچەتلىرى-
دىن باشقا دەل - دەرەخ كۆرۈنمەيتتى، قىز-
لار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا سەپ
سالدى. ئالدىدىكى ئېتىزدا ئىككى ئېشەك
باغلاقلىق تۇراتتى، ئېشەكلەر بىر - بىرى
بىلەن ئوينۇشۇپ، چىشلىشىپ، تېپىشىپ، ھاڭ-
رىشاتتى. نېرىدا بىر ئايال تۆۋى يوغان،
ئاغزى بوغۇق قاپاقتا سۇ ئېلىپ ئۆيى تە-
رەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۆكسىنى يۇدۇۋالغان
چاچلىرى چۇۋۇق، كوينىكى يىرتىق، يۇز-
قوللىرى كىر ئون ياشلاردىكى بىر قىز بۇ-
لارغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى. قىزلارنى
بىر تۇرلۇك مۇڭ باستى.

— بۇ ئەتراپتا بىرەر باغمۇ يوقكەن، نى-
مە دېگەن قاقاسلىق بۇ، - دېدى ئايگۈل ئو-
كۇنۇپ.

— شۇنى دەڭلا، سايىغىدەك بىرەر تۇپ
دەرەخمۇ يوق بۇ ئاپتاپلىق، جىمجىت ما-
كاندا قاندا قمۇ قىلىشارمىز، ۋاي خۇدايىم، -
دېدى خورسىنىپ ئامىنە.

— بالىلار، - دېدى گوھەر قىز، - شۇك-
رى قىلايلى، ھىلىقى ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇر-
سىدىكى يالغۇز قىرائەتخانىدا ئوتكۇزگەن،
قورقۇپ ئۇخلىيالمىغان ئىككى كېچىنى، ئار-
قىدىكى قوتان قىلغان ئۆيدە ياتقاندا چې-
قىۋالغان قوي پىتلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ-
لارمۇ؟ تەلىيىمىزگە ئايىمخان ئاچامنىڭ
مۇنۇ ئۆيى ئەسقاتتى. نىمىلا بولسا مەھەل-
لە ئىچى، خوشال بولساق بولىدۇ، - دېدى.
گوھەر قىز ئوقۇغۇچىلار كوللىكتىۋى بى-
لەن بىرگە ياشاۋاتقىنىغا خوشال ئىدى.
بىزگە تەشكىل ئىگە، بۇ، نەچچە يىلدىن
بۇيانقى بۇرۇختۇم بولۇپ، بىكار يۇرگەن-
دىن ياخشى. ياخشى ئىشلەپ دېھقانلارنىڭ
باھالىشىدىن ئوتسەك، ئۆزىمىز ئارزۇ قىل-
غان بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇيالايمىز،
دەپ ئىشەنچ قىلغان گوھەر قىزنىڭ كوزىگە
بۇ شورلۇق يەرلەردىكى ئېغىر ئەمگەك، قاپ
يۇدۇپ سىقىرىغان بەللىرىنىڭ ئاغرىشى،
تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلار پەقەت كورۇل-
مەيتتى، ئۇ، ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن
تۇرۇپ، دولىسىغا قاپنى تاشلىغىنىچە ئال-
دىراپ ئېتىزلىققا ماڭاتتى. دېھقان ئايال-
لار بىلەن تەڭ ئىشلەپ، تەڭ دەم ئالاتتى،
ئەزالار بۇ يىۋاش ئىشچان قىزغا چاپسانلا
ئامراق بولۇپ قېلىشتى.

— ئۆيىڭىزدە ئاتا - ئانىڭىزغىمۇ بۇن-
چىلىك ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولغىيتىڭىز
بالام، - دەيتتى ئاياللار بېشىنى چايقىشىپ
ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىگە، تولۇپ كېلىۋاتقان
چىرايىغا قاراپ، - ئۇ بىچارىلار چىدىماي
نىمە دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرۇشىدىكىن بالى-
لىرىم - ھە، - دېيىشىپ ئۇھ... تارتىشاتتى.
ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىگە بارغاندا ئانىسى ئۇ-
نىڭ كوزلىرىگە تەلمۇرۇپ، ئاپتاپتا قارايى-
غان يۇزلىرىنى سىلاپ:

— جېنىم بالام، چېنىقىشقا بارغان بالى-
لار قىيىنچىلىقتىن زارلىنىپ قاخشاپ يۇ-
رۇيدۇ، سەن ئۇنچۇقمايسەنغۇ؟ پات - پات
كەلمەيسەن، ئۆيدىن شۇنچە زېرىككەنمى-
دىڭ؟ - دەيتتى، گوھەر قىز:

— ئانا، سىلەردىن قانداقمۇ زېرىكەي...
ئېسىڭدىمۇ؟... سەن ماڭا ياخشى ئوقۇشنى،
ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇپ جەمىيەتكە يارام-
لىق ئادەم بولۇپ چىقىشنى تاپىلايتتىڭ.
ئازاتلىقتىن كېيىن ئون ئىككى يېشىڭدا
يېڭى ئېچىلغان مەكتەپلەرگە كىرىپ قانداق
ھەۋەسلىنىپ ئوقۇغىنىڭنى، پىئونېر بولۇپ
قانداق بەختكە چومگىنىڭنى، كېيىن ئاتاڭ-
نىڭ قىستىشى بىلەن تۇرمۇشقا چىقىپ توت

بۇلۇڭ، بىر كولۇڭغا باغلىنىپ قالغىنىڭنى
ھەسرەتلىنىپ ئېيتىپ بېرەتتىڭ. مېنى ئالـ
تە يېرىم يېشىمدا مەكتەپكە بېرىپ، كۈندە
دەرسلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇش ئەھـ
ۋالىمنى سۈرۈشتۈرۈپ قىلغان ئەجرىڭنى
قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟ سەن كىتاپـ
لاردىن قەھرىمان ئايال - قىزلار ھەققىدىـ
كى ھېكايىلارنى ماڭا ئۇنلۇك ئوقۇپ بېـ
رىپ،كوزلۇرۇڭدىن ئوت چاقناپ كېتەتتى.
بىلەمسەن ئانا، ئالى مەكتەپنىڭسەلتەنەتـ
لىك بىنالىرىنى، ئۇنىڭدا ئوقۇۋاتقىنىمـ
نى، سېنىڭ خوشاللىقتىن ياياراپ كەتكەن
جامالىڭنى ئەسلىسەم،ھەر قانداق قىيىنچىـ
لىق كوزۇمگە كورۇنمەيدۇ، مېنىڭدىن ئەنـ
سىرىمىگىن، - دەيتتى. ئانا بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ، كونا ئارزۇلىرى يۈرىكىدە دولقۇنـ
لىناتتى - دە، قىزىدىن بىر ئاز خاتىرجەم
بولۇپ قالاتتى.

بىر يىلدىن كېيىن چېنىقىۋاتقان زىيالى
ياشلاردىن مەكتەپلەرگە، ئېھتىياجلىق ئوـ
رۇنلارغا ئانچە - مۇنچە قوبۇل قىلىنىشقا
باشلىدى. ئىشنى كورسە بېشى ئاغرىيدىغان
ياتاقدىشى ئايگۈل گۈڭشېغا چاقىرتىلىپ،
توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا تونۇشتۇرۇپ بېـ
رىلدى. ھەر قېتىملىق باھالاشتا دىخانلار
بىرىنچى بولۇپ گوھەر قىزنى ياخشى باھاـ
لىشاتتى. بارا - بارا ياخشى ئىشلەپ باھاـ
لىنىش ئەمەس، بەلكى ئارقا ئىشىكنىڭ
رول ئويناۋاتقانلىقى سېزىلىشكە باشلىدى.
«مېنىڭ ئايگۈلنىڭ دادىسىغا ئوخشاش
باشلىق دادام يوق، ئوزەم تىرىشىپ ئىشـ
لەپ نەتىجە قازىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ»
دەپ ئويلىغان گوھەر قىز ھارغىنىغا قارىـ
ماي ئىشلەيتتى.قاياققا چاقىرىپ ئىشكورـ
سەتسە، شۇ يەردە بولاتتى. بەزىدە شىياۋـ

دۈيدە بوغالتىرنىڭ ھىساۋاتىغا ياردەملىـ
شەتتى.

ئاردىن ئىككى يىل ئوتتى. ئوپكە كېـ
سەلگە گىرىپتار بولۇپ ياداپ، سارغىيىپ
كەتكەن ئانىسى بارغانسېرى تاقەتسىزلىـ
نىپ، گوھەر قىزدىن خوشخەۋەر كۈتەتتى.
ئىراق مۇنداق خەۋەرنىڭ سايىسىمۇ كورۇنـ
مەيۋاتاتتى. قىزلاردىن يەنە بىرى سىغەن
مەكتەپكە تونۇشتۇرۇلۇپ كەتتى. بۇ، ئوزىـ
نىڭ ئىشىغا پۇختىلىقى بىلەن باشقىلاردىن
ئايرىلىپ تۇرۇدىغان، ئاغزىدىكى گەپنى
ئىشقا سېلىپ، قولىنى ئىشقا سالمايدىغان
خەيرىنسا ئىدى. بىر نەچچە ئايدىن بېرى
ئۇ گۈڭشېدىكى كادىرلارنىڭ ئاياللىرى بىـ
لەن چېقىشىۋېلىپ، شۇلارنىڭ ئويىدىن چىقـ
ماي، رىشلىيە ئىشلەپ بېرىپ يۈرەتتى.
يەنە ئىككى قىز ئاشلىق ئورمىسىدىنمۇ
كېچىپ، ئويىگە كەتكىنىچە قايتىپ كەلمـ
دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە نۇرگۈل دېـ
گەن ھەمراھى بىلەن گوھەر قىزلا قالدى.
نۇرگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى يېزىغا تارقاقـ
لاشتۇرۇلغانلار قاتارىدا يىراق ناھىيىلەرگە
كەتكەن. شەھەردىكى چوڭ ئانىسىنىڭ ئويـ
گە بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم باراتتى.ئۇ
قىز بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەي ئۇشـ
نىسىدىكى قاپ بىلەن ئېرىقتىن ئاتلاشتا
مۇدرىپ كېتىپ، پۇتى ھوشىغىدىن چىقىپ
كەتكەن،داۋالىنىپ ساقايغان بولسىمۇ، پاتـ
پات يەنە ئىششىپ ئەدەپ قالاتتى. سىرتـ
نىڭ، ياتاقنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى
گوھەر قىزنىڭ زىممىسىدە ئىدى. كېيىنكى
قېتىم ئائىلىسىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن
ئۇ خىيالچان بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئاـ
نىسى: «بالىنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى،خام
خىيالىڭنى تاشلا. جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى

كورۇۋاتسەن، سەن بىلەن مېنىڭ هوكۇمەت
ئورۇنلىرىدا تونۇش ـ بىلىشىمىز يوق. نى-
مىگە ئىشەنچ قىلىسەن، بالىنىمۇ ئۇ سەھ-
رايى قىيامەتتە قىيناپ، ئۆزىمىزمۇ خاتىر-
جەم بولالماي نىمە ئازاپ بۇ، كېسەلىڭ-
نىڭ دەردىنى تارتساڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ »
دەپكا يىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپقالغان ئىدى.
ئانىسىنىڭ يىغلامسىرىغان يوتەل ئارىلاش
بوغۇق ئاۋازىنى، زارلانغان نالىسىنى ئاڭ-
لاپ ئوگزىگە چىقىپ بىرمۇنچە يىغلىدى.
قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا ئانىسى:

ـ بالام، بارمىغىن، ئۇ يەردە يالغۇز
قاپسەن، شۇ هوقۇقى بار، پۇلى بار ئادەم-
لەرلا مىرادىغا يېتىۋالسۇن، سەن بىلەن بىز-
نىڭ ئاۋارە بولغىنىمىز بىكار ئوخشايدۇ.
سېنىڭ كوڭلۇڭنى قىيالماي، ئەلچى قوي-
غان بىر نەچچە ياخشى لايىقلارنى قايتۇرۇ-
ۋەتتىم. خوشنىمىز پاشاخاچامنىڭ ئوغلى
رېھىمجان باشقا يەردىن ئويلەنگىلى ئۇنى-
ماي، ئاتا ـ ئانىسى سېنى سوراپ كوپخى-
جىل قىلدى. ئوغۇل بىچارە راك كېسىلىگە
گىرىپتار بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ تەقەز-
زاسى بىلەن بىر كوزى بىزنىڭ ئىشىكتە،
بىر كوزى ئانىسىدا، يېقىنىدا ئويلۇنۇپ
كەتتى. خۇيمۇ ئەدەپلىك خۇش پېئىل يى-
گىت ئىدى. ئىچىم ئېچىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇس-
تىگە داداڭنىڭ تاپا ـ تەنىسى، ... ـ دەپ
كوز يېشىنى توكتى.

ـ ئانا، نۇرما ـ نوپۇسىمىز توي قىلغان زىيا-
لىلارنىڭ كۇنى قانداق بولىۋاتىدۇ، ئاڭ-
لاۋاتىدىغانسەن، بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ
ئاجرىشىپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ؟ جېنىم ئانا،
مېنى ئۇنداق بولمايدۇ، دەپ ئىشەنچ قى-
لالامسەن؟ ئارزۇيۇم ئومۇر بويى يۇرۇكۇمدە
تۇگۇنچەك بولۇپ، سېنىڭدەك هەسرەتلىنىپ
ئوتسەم مەيلىمۇ ؟ ـ دىدى گوهەرقىز كويۇپ.

ـ مېنىڭ ئوتتەك ياشلىق باهارىم، ئۇ-
مىت مەشئىلىم كونىلىقنىڭ قوربانى بولۇپ
كەتكەن ئىدى. سېنىڭ، سېنىڭدەك مىڭلى-
غان ياشلارنىڭ ئىستىقبالى مۇشۇ « ئىنقى-
لاپ » نىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. نىمە دىگەن
باش ـ ئايىغىنى ئۇققىلى بولمايدىغان قارا
بوران بۇ ؟ ! ـ دىدى ئانا غەزەپتىن تىت-
رەپ. بۇ غەزەپ گويا بىر پارچە چوغدەك
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كويدۇرمەكتە ئىدى. گو-
هەر قىز شۇلارنى ئويلاپ، كېچىلىرى ئوي-
قۇسى ئېچىلىپ كېتەتتى. بىر كۇنى نۇرمى-
غا بېرىلگەن قوناقنى تۇگمەندە تارتىپ قاي-
تىپ كەلسە، نۇرگۇل سۇپىغا يولىنىپ پەس-
تە ئولتۇرۇپتۇ، كىيىملىرى توپا، كوزلىرى
ياشتىن قىزارغان دوستىنىڭ هالىنى كو-
رۇپ، گوهەر قىز چۇچۇپ كەتتى.

ـ ۋىيەي، نىمە بولدۇڭلار ئاداش؟ ـ دەپ
قولىدىكى خالتىنى يەرگە قويۇپ، يۇگرەپ
ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزۇيۇپ ئولتۇر-
دى. قىز بۇقۇلداپ يىغلاپ، سۇپىنىڭ لى-
ۋىدىكى لىڭشىپ قالغان خىشقا ئاغرىق پۇ-
تىدا دەسسىۋېلىپ، قومۇرۇلغان خىش بى-
لەن تەڭ يىقىلىپ قوپالمىغانلىغىنى، ئول-
تۇرغىنىغا ئىككى سائەت بولغانلىغىنى ئېيت-
تى. گوهەر قىز ئۇنى يولەپ بىر ئامال
بىلەن سۇپىغا چىقىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى.
ئايىمخان موماينىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ
ئېرىنىڭ ئويىدە ئىدى، موماي ئەتتىگەن شۇ
قىزىنىڭ ئويىگە كەتكەن ئىدى، گوهەر قىز
يۇگرەپ يۇرۇپ، ئايال شىپاۋدۇيجاڭنى تې-
پىپ ئەهۋالنى ئېيتتى. ئۇ قىزنىڭ ئىش-
شىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ:

ـ بۇ پۇتنى ئۇستىراق بىر تېخنىكچى تې-
پىپ تاڭدۇرمىسا بولمايدۇ، ئەتە ئۇنى سىلە

قەشقەرگە ئاپىرىپ چوڭ ئالىسىغا تاپشۇرۇپ
بەرسىلە، ـ دېدى. گوھەر قىز 3 كۈن ئىلا-
گىرى قازانغا نان سالغىچە ياغ چاچراپ
كۆيۈپ قالغان، سۇلۇشۇپ چىققان كۆيۈككە
سۈرتۈلگەن قاتۇرغۇچى كوك دورا بىلەن بىر
مۇنچە قارا داغلار باسقان يۈزىنى سىلاپ
تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى
ئېيتتى. ئەتە بىرەيلەن بىلەن قوشۇپ ھارۋا
تېپىپ يولغا سېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ شىياۋ-
دۈيجاڭ چىقىپ كەتتى. ئۇھ... دەپ سۇپىغا
ئولتۇرغان گوھەر قىز قوسۇغىنىڭ قاتتىق
ئاچقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئېسىغا كېلىپ
ئىلدام نۇرگۈلغا قارىدى. ئۇلار ئەتتىگەن
ئاخىرقى بىر ناننى يېرىمىدىن ئۈشتۈپ چاي
ئىچىشكەن ئىدى. ئۇ چاپسان ئورنىدىن تۇ-
رۇپ بىرسىنىڭكىدىن ئەگلەك سوراپ كىرىپ
ئۇنى تاسقىدى ـ دە، دەرھال ئاماققا تۇ-
تۇش قىلدى. چاۋا ـ چاتقال، يانتاقلارنى
ئۈچۈملاپ ئوچاققا سېلىپ تىكەن كىرگەن
قوللىرىنى پۈلەپ ئۆگىلاپ، بىر ئوچاقنىڭ،
بىر خىمىرنىڭ قېشىغا يۈگرەپ يۈرگەن ھەمە-
رايىغا قاراپ نۇرگۈلنىڭ ئىچى سىرىلىپ
كەتتى. گوھەر قىز ئەتىسى نۇرگۈلنى يول-
غا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، كېچىسى موماي
بىلەن بىللە يېتىشقا باشلىدى. ئاغرىپ قال-
سا ئۆز بالىسىدەك خەۋەر ئېلىپ كۈتىدىغان
ساپ كۆڭۈل بۇ قىزغا مومايىنىڭ مېھرى چۈ-
شۈپ قالغان ئىدى. گوھەر قىز ئاخشاملىرى
ئۇنىڭ چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بې-
رىدىغان قىزىق چۆچەكلىرىگە ئامراق ئىدى.
ئۇ، ئۇيقىسى كەلگىچە مومايغا پاختىنى ئۈچ
قىلىشىپ، يىپنى يوگۈشۈپ بېرىپ ئولتۇ-
راتتى.

ئارىدىن يەنە 3 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئا-
نىسى يېقىندا يازغان خېتىدە: « بالام چۈ-
شۇمدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭ. چەك-
سىز سېغىنىش باغرىمنى ئەزمەكتە. كېسىلىم
ئېغىرلىشىپ قالدى. سەن بىرەر ئىشقا ئو-
رۇنلىشىپ خاتىرجەم بولغىچە ھايات ياش-
سام بولاتتى » دېگەن ئىدى. « ئاتا سەن
ساقىيىپ كەتمىسەڭ، مەن بۇ نامەلۇم تەق-
دىر ئاستىدا كۆز ئۇششۇگىدە سولغان گۈل
بەرگىدەك تۆكۈلۈپ كەتمەمدىمەن؟!» دې-
گەن خىيال ھەمىشە ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرى-
ۋالىدىغان بولدى. بۇرۇنقىدەك ئاستا ئېي-
تىپ يۈرۈيدىغان ناخشىلىرىمۇ يوق بولۇپ
كەتكەن، مۈڭلۈق قىياپەتتە بېشىنى ساڭگى-
لىتىپ ئىشتىن باش كۆتەرمەيدىغان بويال-
غۇز قىزغا قاراپ، دېخانلار:
« بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نىمانچە
باغرى تاش ئادەملەردۇ، نىمىشقا قىزىنى
ئېلىپ كەتمەيدىغاندۇ؟!» دەپ ئويلىشات-
تى. تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلى-
نىدىكەن دېگەن پاراڭ ئاڭلانغاندا، گوھەر-
نىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. شۇ ئەتراپ-
تا ئويى بار گۈڭشېنىڭ سۇ ئىشلار كادىرى
گوھەر قىزنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ نۇرغۇن
خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە ئۇنى سانغا
كىرگۈزۈپ گۈڭشېغا چاقىرتتى. گوھەر قىز
شورلۇق چېغىر يولنى مېڭىپ ئەمەس، ئۇ-
چۇپ دېگىدەك بېسىپ گۈڭشېغا يېتىپ كەل-
دى. زىيالى ياشلار ئىشخانىسىغا كىرگىنى-
دە، بەندۈڭدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر قىزغا
ئاچچىغى بىلەن نىمىلەرنىدۇر دەۋاتقان
مەسئۇل خادىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ گوھەرقىز-
نى كوردى:

ـ ھە، كېلىڭ ئۇكام، ـ دېدى ئۆتەكلىپ
بىلەن. گوھەر قىز تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن
يۈزلىرىنى ئېيتىپ، پىشانىسىغا چاپلىشىپ
كەتكەن چاچلىرىنى ئوڭشىغاچ بىكار ئۇس-

تەلگە كېلىپ ئاستا ئولتۇردى.

بەندۇڭدا ئولتۇرغان قىز گوھەر قىزغا ھومۇيۇپ قاراپ قويۇپ:

— ئەگەر مېنى مۇشۇ قېتىمقى بالا قوبۇل قىلىشقا تونۇشتۇرمايدىغان بولساڭلار نېمە كورسەم كورىمەن، — دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ يېشىنى سۈرتۈپ ئىسەدەيتتى. مەسئۇل خادىم:

— نېمە ئانچە كاژلىق بۇ، يەنە بىر نوۋەتتە تونۇشتۇرايلى دەۋاتىمىزغۇ! — دەپ كايىدى.

— بىز بىر ئويدىن ئىككى بالا ناھىيىدە چېنىقىۋاتىمىز. ئانىمىز تۇل خوتۇن. توت كىچىك ئۇكامنى باقامدۇ، بىزنىڭ دەردىمىزنى تارتامدۇ؟ ئۇچ يىلدىن بېرى بىرسىنىمىزمۇ بىر ياقلىق بولمىدۇق. ئەگەر يەنە مۇشۇ نوۋەتتىن قالىدىكەنمەن ھەممە ئادەم گوۋا بولسۇن، ئەتە مۇشۇ ئالدىڭلاردىكى ئۇستەڭدىن ئولۇگۇمنى سۈزۈۋالىسىلەر، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، خوشنا دۇيدىكى ئاغزى ئىتتىكلىگى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان بىر قىز ئىدى.

مەسئۇل خادىم تۇرغانلارغا قاراپ ئاچچىغى بىلەن:

—كور مەسىلە بۇ غەۋغانى،...ھەي قاچانمۇ مۇشۇنداق باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلار كىشى؟، — دېدى ۋە لىۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان گوھەر قىزغا قاراپ:

— ئۇكام، ئوتتۇردا قالغان بىر سانغا ماۋۇ جاۋىلداق چاڭ سېلىپ قويتى، ئەتىگەندىن بېرى قۇلاق — مېڭەمنى يەپ كەتتى. ئەھۋالنى كوردىڭىز، بۇ نوۋەتچە سىز قايتىپ تۇرۇڭ. ھەقىقەتەن سىز ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتقان بالا ئىدىڭىز، بىز سىزنى چوقۇم ئونتۇپ قالمايمىز، بۇ نوۋەت بىزنى خىجىل قىلماڭ — ھە، — دېدى.

گوھەر قىزنىڭ كوز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق باستى. ئۇنىڭ كوزىدىن يوغان — يوغان ياش تامچىلىرى دومىلىدى. ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى بېسىش ئۈچۈن ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئارقا ئىشىك بىلەن ماڭىدىغانلاردىن ئېشىپ خۇددى مۇجىزىدەك ئوزىگە كېلىپ قالغان بىر سانغا چاڭگال سېلىۋاتقان رەقىبىنى ھويلىدا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىرەر نېمە دەپ جىدەللىشىپ قېلىشتىن ئويۇلۇپ دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئېغىرلاشقان ئاياقلىرىنى سورىگەندەك يوتكەپ، كۇن نۇرىدا قىزىرىپ كەتكەن شورلۇقتىن ئوتۈۋېتىپ ئەلەم بىلەن ئويلايتتى. «ئارقا ئىشىكتىن باشقا يەنە مۇنداق "زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ" دىگەندەك ئىشلارمۇ بار ئىكەن تېخى! مېنىڭ قىينىچىلىغىم ئۇ قىزنىڭكىدىن كاممىدى، بۇ يەردىكى خىراجەتلىرىم، كىيىم — كېچەكلىرىم كىرىمى ئاز ئاتامغا ئاسان چۈشەمدۇ؟ ئانامنىڭ كېسەلچۇ؟ دادامنىڭ توي ھەققىدىكى قىستىشىچۇ؟» خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ توختاپ، كەسكىن ھالدا كەينىگە ئورۇلدى. ياندىكى ئورەككە پۈتى كىرىپ كېتىپ يانتۇ يېقىلغان قىز جىگدە كوتىكىگە تېگىپ ئاغرىپ كەتكەن جەينىكىنى ئۇگۇلاپ خېلىغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ داۋالىشىپ ھەلىقى بىشەم قىزدىن ئۇستۇن چىقىشقا تېخى كوزى يەتمەي، ھال ئېيتىشنى تولا ئاڭلاپ بىپەرۋا بولۇپ قالغان كادىرلارغا يالۋۇرۇشنى تېخى بىلەلمەي بېشى قاتتى. كۇن ئاللاقاچان پېشىندىن ئوتكەن، ئۇسساپ لەۋلىرى قۇرۇغان گوھەر قىز ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىرلاشقان ئاياقلىرىنى تەستە يوتكەپ، كەچ نامازدىگەر بىلەن شىياۋدۇيگە يېتىپ كەلدى. ئاپتاپ

ئۇتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئەلەم بولغانلىقتىنمۇ بىر نەچچە كۈن ئاغرىپ ياتتى. بىر كۈنى ئايىمخان موماي بىر تۇققىنى ئولتۇرۇپ كېتىپ يىراق ياقىدىكى داۋىگە كەتكەن ئىدى. يالغۇز قالغان گوھەر قىز قاراڭغۇچۇشكەنچە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا قاراپ كوزى توت بولدى، موماي كەلمىدى. بەلكى ياتقىچە كېلىپ قالار، دەپ ئىشىكنى تاقاپ ئويگە كىرىپ كەتكەن قىز ئىشىككە قۇلاق سالاتتى. ياتىدىغان چاغ بولدى، مومايدىن دېرەك يوق ئىدى. ئۇ نەمەقىلارنى بىلمەي گاڭگىراپ، قورقۇنۇچ ئىلكىدە بىر ھازا ئولتۇردى. تاڭ ئاتقىچە مۇنداق ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئورۇن سالدى-دە، يوتقانغا كىرىپ، باشلىرىنى چۈمكەپ كوزىنى چىڭ يۇمدى. ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن چىققان يىغىسى نەۋاقىتقىچە توختىمىدى. قاچاندۇر ئىلىنىشىپ قالغان كوزى ئوگزىدىكى شاخلارنىڭ قاراس-قۇرۇس قىلىپ شالدىرلىشى بىلەن چۇچۇپ يەنە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئوگزىدە ئىككى مۇشۇك سەتخىقىراپ سوقۇشۇۋاتاتتى. بىر-بىرى بىلەن پومداقلاشقاندىنمىكىن ئىككىلىسى گۇلدۇرلەپ ئارقا تەرەپكە چۇشۇپ كېتىشتى، «ئوھ» دەپ قوللىرى بىلەن كوكرىكىنى باستى.



يىراقتا چىلىنغان خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «خۇداغا شۇكرى، تاڭ ئاتقىلى ئازقاپتۇ» دەپ يېنىك تىن ئالدى. قورقۇش، ھەسرەتلەنىشتىن ھېرىققان، بوشاشقان قىزنىڭ كوزى ئەمدىلا ئىلىنغان ئىدى. ئىشىك ئالدىدىن قاتتىق قاۋاپ چېچىپ ئوتۇپ كەتكەن ئىتنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. تۇڭلۇكتىن چۈشكەن يورۇقنى كورۇپ خوشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

موماي ئەتىسىمۇ كەلمىدى. ھەرقانچە بولسىمۇ بۇگۈن كېلىدۇ دەپ ئىشەنگەن قىز خۇپتەندىن ئوتكەندە ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئەنە ئۇ قاراڭغۇدا كىمنىڭكىگە بۇچقالىسۇن؟ يەنە بىر كېچىنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچەسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىشقا باشلىدى. جىن چىراققا ياغ توشقۇزۇپ قويۇپ، بېشىنى يالا ئۇزىنى ئورۇنغا تاشلىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە خىيالمۇ كەلمەيتتى. قاچاندۇر ئۇخلاپ قالغان قىز چۈشكو-

رۇۋا تاتتى. ئۇ ئېگىز قىيانىڭ ئۈستىدە يەر
تەۋرەشتىن كومتۈرۈلۈپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇ-
لۇپ شارا قلاپ چوشۇۋا تقان تاشلار بىلـەن
پەسكە غولىدى. يۈرۈگىنىڭ قاتتىق تاسقى-
شىدىن ئەندىكىپ ئويغانغان گـوهـەر قىز-
نىڭ قۇلۇغىغا تارا قلاۋا تقان ئاۋازكىردى.
ئۇ، كوزىنى ئۇگىلاپ قۇلاقسالغان ئىدى، ئى-
شىكنىڭ جالا قلاۋا تقىنىنى بىلدى.

ـكىم؟ـ دەپ توۋلىدى ئۇغەيرى تەبىئـى
ئاۋاز بىلەن ئەندىكىپ. بىرسىكۈنتجەلىق-
تىن كېيىن ئىشكنى بىرسىكۈچەپ ئىتتىرگـ-
لى تۇردى. گوهەرقىز "ۋىيەي! كىم بۇ؟ـ" دەپ
چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوي ئىچىدە پە-
قىردى. ئۇ خوشنا بوۋا ينىڭ تېمىنى كۇ ـ
چەپ مۇشلاپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ۋاقىراپ چا-
قىرغىلى تۇردى. خوشنا تامدىكى مۇيدە بو-
ۋا ينىڭ يوتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ،
تامغا يېقىن كىلىپ: "نىمە بولدى؟" دەپ توۋ-
لىدى.

ـۋاي بولۇڭلار! بىرسى ئىشكنى چېقىپ
ئويگە كىرمەكچى بولىۋا تىدۇ، ـ دىدى گوهەر
قىز يىغا ئارىلاش ۋاقىراپ.

بوۋاي ئىشكنى ئېچىپ هويلىغا چىقتى.
ئىشكنى بوزغۇچى ئىشنىڭ ئەپلەشمىگـ-
ىـنـى كـورۇپ قۇيرۇغىنى تىكىۋەتكەن
بولسا كېرەك، ئەتراپ تىنجىپ قالغان ئىدى.
هويلىنىڭ ئايرىش تېمىدىن بوينىنى سو-
زۇپ، بوۋا ينىڭ ئەهۋال سۈرۈشتۈرگەن سو-
ئالىغا هالسىز جاۋاپ بەرگەن گوهەر قىز سۇ-
پىدا تىترەپ ئولتۇرا تتى.

ـقورقماڭ بالام، مەن هويلىدا ياتاي. سىز نى
ئويگە ئەپچىقىۋالاي دىسەم تار تىنىسىز، ـ دى-
دى بوۋاي. گوهەر قىز ئونىڭ كېلىشىنىڭ ئا-
نىسىنىڭ ئويگە تۇققىلى كەتكىنىنى، ئويدە
خوتۇن كىشى يوقلىغىنى بىلەتتى. ئۇ تاڭ
ئاتقىچە ئەنسىنداق ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇ

هۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئوزىگە بىگىز ـ
دەك تىكىلىپ قارا يدىغان بىر جۈپ كوزلى
ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ، مۇشۇشياۋدۇي تەۋە-
سىدىكى ئەمگەك قىلماي، بازارلاردا هاـ
يانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان،
بەستلىك، شاپ بۇرۇت ئىسمايىل دىگەنـ
نىڭ كوزى ئىدى. ئۇ هەر قېتىم بـۇ يەر ـ
لەرگە پەيدا بولغاندا، قىزنىڭ ئەترا پىدا
ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ يـۈرەتتى.
ئۇنىڭ هاياسىز تىكىلىشلىرىدىن ئاچچىغ-
لانغان گوهەر قىز قاپىغىنى سېلىپ، تەتۈر
قاراپ نېرى كېتەتتى. ئـەنە شـۇلارنى كوز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى قـارا نـىيەت
چوقۇم شۇ، دەپ ئويلىدى قىز. ئۇ ئـەمدى
بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيەت قالمىـ
دى دەپ بىلدى ـ دە، كـېتىش قـارارىغا
كېلىپ، بىر نىمىلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ، ئوي-
نى قولۇپلاپ بوۋا ينىڭ ئـويىگە كـىردى.
ئۇ هويلىسىدا تاۋاقتا قوناقنى قويۇۋېلىپ
ياغۇنچاقتا يۇمشۇتۇۋا تاتتى.

ــ كېلىڭ بالام، ماۋۇنى جايلاپ ئەتتى-
گەنلىك بىر نەرسە قىلىپ، ناشتا قىلىپ
ئەمگەككە چىقىشقا ئالدىراپ قېشىڭىزغىمۇ
كىرەلمىدىم، ـ دىدى خىجالەت ئـارىلاش.
گوهەر قىز گەپ قىلالماي كوزىدىكى ياشنى
سۈرتۈپ، كېتىدىغانلىغىنى ئېيتىپ، ئاچ ـ
قۇچنى موما يغا بېرىپ قويۇشنى تـاپىلاپ
چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئارقىسىدىن ئۇزۇ ـ
تۇپ چىقىپ قىزغا ئۇزاق قـاراپ قالدى.

× × ×

بوشۇك تەۋرىتىپ ئولتۇرغان گوهەر قىز
قاتتىق خىيالغا پاتقان ئىدى. قەيىنى ئا ـ
نىسى ئۇنىڭغا يېقىندىن بېرى قاپىغىنى
ئېچىپ قارىمايدىغان بولۇپ قالغان،
بولۇپمۇ بۈگۈنكى خۇيى تۇتۇپ ئەزۋەيلەش-

لىرى ئۇنىڭ تاقىتىنى تاق قىلغان ئىدى. موماي «ئەتىسگەن ئۆيدەدىن قالمىدى. نورما ئېلىشقا يەنە نەچچە كۈن بار. قاراڭغۇ بازاردىن بىرەر چارەك بىر نىمە تېپىپ كېلەي» دەپ ياغلىققا تۈگۈكلۈك پۇلنى قايتا - قايتا ساناپ، ئاچچىغى بىلەن خالتىنى تارتىپ ئېلىپ قولتۇغىغا قىستۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. چۈشكە يېقىن ئۇ:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ جاھاندا ئاشلىق-تۈلۈك تاپماقنىڭ تەس بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى، - دەپ سۆزلىگەنچە ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. گوھەرقىز قولىدىكى بالىنى يەردە قويۇپ، ئىلدام بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن خالتىنى ئالدى. ئۇھ، دەپ كىگىزگە ئۆزىنى تاشلىغان موماي سۆزلەپ كەتتى:

— بازاردا چوگدەپ يۈرۈپ بىر نىمە تاپالماي، كوچەمۇ - كوچا كىرىپ خەختىن ساتىدىغان ئۇن بارمۇ؟ - دەپ سوراپ يۈرۈپ بىر چارەك ئۇننى ئاران دىگەندە 18 يۈەنگە سېتىۋالدىم، قوناق ئۇنى، زاغرا نان دەپ يارىتىشمايلا، - دىدى ئۇ تۇمشۇغىنى سوزۇپ يېنىدا ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ، - ئۇنىڭ تۇتىيالىغىنى ئىزدەپ، تەرلەپ - تەپچىرىگەن ئادەم ئاندىن بىلىدۇ، - دىدى زەردىسى بىلەن.

گوھەرقىز پەگادا بالىسىنى تۇتۇپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان ئىدى.

— يېقىنراق كەلگىنە، - دىدى موماي قىزىغا قاراپ ئاچچىغى بىلەن ئۇننى كورسۇتۇپ، - قانداغراق ئۇنكى كورۇپ باقاي.

ئۇ، خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر ئوچۇم ئۇننى ئېلىپ قارىدى.

— ۋاي خۇدايىم، - دىدى ئۇ كوزلىرىنى ئالاڭ - بۇلاڭ قىلىپ توۋلاپ، - يۈمشىغىنى تاسقىۋالغان ئۇن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى خېمىر قىلىپ قانداقمۇ تونۇردا توختاتقىلى بولسۇن؟! - دەپ ۋايساپ كەتتى.

- ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن گوھەرقىزنىڭ قېيناتىسى مومايىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ

— نىمە بولدى؟ - دەپ سورىدى.

— نىمە بولاتتى، مۇشۇنداق بولدى، - دەپ ئۆچۈرمىدىكى ئۇننى خالتىنىڭ ئىچىگە ئاتتى موماي، - ھەممە ئاۋارىچىلىقنى تاپىدىغان مۇشۇ قاقۋاش، - دەپ بوۋايغا چالۋاقاپ كەتتى. گوھەرقىز تۈنۈگۈن مومايىنىڭ ئىچكىرى ئۆيدە بوۋايغا: «تۇققۇنۇم دەپ، نورما - نوپۇسى يوق قىزنى ئەكىرىپ قويىلا، نوپۇسقا ئالىدۇ، دەپ چۈشەكەپ يۈرۈپ قېنى ئالدۇرالىغانىلىرى!؟ بالىنىمۇ بولسا ئېلىپ قالارمىكىن دەپ گورۇپپا باشلىقلىرىغا يالۋۇرۇپ شۇنچە سوكۇلدۇدۇم. مۇشتۇمدەك بالىنى ئالمىغان يەردە ئانىسىنىڭكىنى ئالامدۇ؟ ھەدىمەي يەنە ئېغىر بوي بولسا، بالامنى جاھاننىڭ قاتتىقچىلىقى باسامدۇ؟» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى، يېقىندىن بۇيان يولدىشىمۇ قىرىچە - يېنىچە تېگىپ يۈرەتتى.

دەككىدىن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، كوزلىرىدە غىلدىرلىغان ياش بىلەن ھوجرىسىغا قايتىپ كىرگەن گوھەرقىز دادىسىدىن ئاغرىنىپ، كوڭلىدە ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تاپا-تەنە قىلىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

ئۇ كېيىنكى كېلىشىدە ئۆيدە تويىنىڭ تەييارلىقى بولۇۋاتقانىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشكەن ئىدى. دادىسى:

— بېرىپ قايتۇرۇپ كەلمەكچى ئىدىم، يولۇمنى قىسقارتتىڭ بالام، - دەپ خوشال بولدى. ئانىسى:

— داداڭ مېنى قىستاپ يۈرۈپ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىدۇ، - دەپ يىغلىدى. گوھەرقىز ئانىسىنىڭ قورايدەك بولۇپ قالغان قامىتىگە، ئازاپلىق چىرايىغا قاراپ ئۈنچۈقالمىدى.

توي قىلىپ بىرنەچچە ئاي خېلى چىرايلىق ئۆتكەن بولسىمۇ، بارا - بارا قەيني

ئانىسىنىڭ كوت ـ كوت گەپلىرىدىن نۇرما
يېتىشمىگەنىنىڭ ئىنجىقى ئىكەنلىكىنى سى-
زىشقا باشلىغان ئىدى . ئۇنىڭغا ئوزى ئە-
يىپلىكتەك ، قورۇنۇپ بىر تۇتام بولۇپ
كېتىدىغان گوھەر قىز سىقىلىشقا باشلىغىلى
خېلى بولغان ئىدى . يېقىندىن بىرى ھەم-
مەيلەندىن تەڭ كېلمىۋاتقان سوغ مۇئامىلە
ئۇنى يېزەك ئالدى قىلاتتى . شۇندا قىتىمۇ
نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئانىسىنى ئاياپ ئۇن-
چۇقمايتتى . بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ،
بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى . ئەھۋالنى
ئۇققان ئانا ئاھ ئۇردى ۋە:

ـ بوپتۇ، ئەدى كەتمە، ماڭا ئېغىر كەل-
مەيسەن ، ـ دېدى . ئۆزۈن ئوتمەي گوھەر
قىز ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى . بەربات
بولغان ئارزۇسى بىلەن قىزىل چىقىپ ئو ـ
لۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ كىرپىكلىك قارا
كوزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى.

× × ×

باھارگۈلدۈرمامىسىدەك تارقالغان خۇش
خەۋەر گوھەر قىزنىڭ يۈرۈكىنى ئوينىتىد ـ
ۋەتتى. زەينەپخان ئاچىنىڭ نۇرسىز كوز ـ
لىرى ھاياجاندىن چاقنىدى:

ـقىزىم، مىڭلىغان كىشلەرنىڭ، سېنىڭ
بىلەن مېنىڭ بېشىمىزغا دەرت ـ ئەلەملەر
كەلتۈرگەن ئەبلەخ زىيانداشلار جاجىسىنى
يېپىپتۇ، پارتىيىمىزچوقۇمسىلەرگە ئوخشاش
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ياشلارنى ئۇنۇ ـ
تۇپ قالمايدۇ، قىزىم! سېنىڭ يۈرۈگۈڭدىن
زوقلۇنۇپ كۈلگۈنۈڭنى كورۇپ ئولۇپ كەت-
سەم ئارمىنىم يوق ئىدى، ـ دېدى.

زىيالى ياشلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى ـ
نىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا،
نوپۇس ـ نورما ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئانا
گوھەر قىز كوتۇرۇپ كىرگەن نوپۇس دەپ ـ
تىرى بىلەن ئاشلىق كىنىشكىسىنى
قولىغا ئېلىپ كوكرىگىگە
باستى.

يېزىلاردا چېنىققان، ئىش كۆتۈرۈپ تۇر-
غان زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرى-
سىدا يولىيورۇق چىقتى. بۇ خەۋەر بىلەن
ئىچ- ئىچىدىن سويۇنۇپ ئارزۇ چېچەكلىرى
باھار قۇياشىدا بەرىكە ئاچقاندەك، پۈتۈن
ۋۇجۇدى ياشىرىپ كەتكەن گوھەر قىززىيالى
ياشلار كومىتېتىغا كەلدى.كومىتېت ئالدىدا
ئوزىگە ئوخشاش بەخت تۇيغۇسىغا چومگەن
بىر مۇنچە قىز-يىگىتلەر خوشال پاراڭ
سېلىشىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن بىر-بىرىنى
تەبرىكلىگەندەك تەبەسسۇم بىلەن قارىشات-
تى. مەجلىستىن يېنىپ بولۇمگە كىرگەن
مەسئۇل خادىم ياشلارنى خۇش تەبەسسۇم
بىلەن قارشى ئالدى.

ـ ھە ، ـ دەپ يوتۇلۇپ قو-
يۇپ گەپ باشلىدى ئۇ،ـ دەۋر ئوزگەردى،
سىلەرنىڭمۇ ئارمىنىڭلار رېياللىققا ئايلىنى-
دىغان بولدى، بىزلەرمۇ ئالدىڭلاردا دۇدۇق-
لىماي ، قىزارماي خىزمىتىڭلارنى بېجىرى-
دىغان بولدۇق،ـ دېدى مەمنۇنلۇق بىلەن-
كىلىپ خەۋەر ئېلىپتۇرۇڭلار، ئېھتىياجلىق
ئورۇنلارغا بىر ـ بىرلەپ تەقسىم قىلىمىز.
گوھەر قىز ئىشىكتىن چاراقلاپ يانغان
شامچىراقتەك كۈلۈپكىرگەندە،تۇيغۇن ئانى-
نىڭ قەلبى ئېرىپ كەتتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ سودا تار-
ماقىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئۈچ ئايلىق كەسپ
ئۈگۈنۈش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. زەينەپخان
ئاچا ئوپكە تىيۇبىركىلىيوزىدىن ساقىيالماي
ئالەمدىن ئوتكەن ئىدى. گوھەر قىز جۇدا-
لىق ئازاۋىدا پۈچۈلانغان بولسىمۇ، ئالدى-
دىكى ئىستىقبال ئۇمىدى ئۇنىڭغا مەدەت
بولدى.

ئانىسىمۇ «بالام ئەمدى ئولۇپ كەتەە

مۇ كوزۇم يۇمۇلىدۇ. سەن ئۆزەڭنى يوقاتما، ياخشى كۈنلەرنى كورگىن، ياشاپ كوكەرگىن" دەپ كوز يۇمغان ئىدى.

× × ×

گوھەر قىزنىڭ ماگىزىنىدا ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ، يۇمشاق سوزى خۇش مۇئامىلىسى بىلەن خېرىدارلارنى رازى قىلسا، تىرىشچانلىغى، تەشكىلىي تۈزۈمگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىشى، جاپادىن قورقماسلىغى بىلەن تەشكىلىنى رازى قىلاتتى.

بىر كۈنى گوھەر قىز دۇككان ئىچىدە قولىدا تالۇن تۇتقان بىر موماينىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، نىمىنىدۇر ئىزدەپ، جىددى بولىۋاتقىنىنى كوردى. موماي توت ئەتراپقا قاراپ كىمدىندۇر ياردەم سورىماقچى بولغاندەك تەمشىلەتتى. گوھەر قىز پۇكەيدىن بويىنىنى سوزۇپ:

— چوڭ ئانا، بىر نەرسىلىرىنى يۈقۇتۇپ قويدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى. موماي دەرھال گوھەر قىزغا قاراپ:

— ھەئە بالام، ماۋۇ يانچۇغۇمغا بىر يۈەننى سېلىپ قويغان ئىدىم، بىر نىمە بىلەن ئىلىنىشىپ چۈشۈپ قالغانمىكىن، يوق تۇرۇدۇ. قۇدامنىڭ ئويىگە توپغا ئاپىرىدىغانغا 3 مېتىر رەخت يازدۇرغان ئىدىم، ئەللىك پۇڭ كېمىيىپ قالدى. ئويۇمدىن ئەكىرەي دىسەم، سەمەنگە چىقىپ كىرگىچە ئۆلگۈرەلمەيمەن، قانداق قىلارمەن؟ — دىدى ئالدىراپ ھال ئېيتىپ. گوھەر قىز يانچۇغىدىن 50 پۇڭنى ئېلىپ مومايغا ئۇزاتتى.

— مانا چوڭ ئانا، خىجالەت بولمىسلا، — دىدى كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە تەمتىرەپ قالغان مومايغا قاراپ، — تارتىنمىسلا، يەنە بىر شەھەرگە كىرگەنلىرىدە ئالغاچ كىرەلا، — دىدى. موماي نىمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇشنى بىلمەي:

— جىنىم بالام، رەخمەت، ئەتىلا ئەكىرىپ بېرەي، — دەپ ئىلدام كاسسىرنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئەتىسى موماي بىر ياغلىق قەھرىۋادەك خالتىغان مايسەن ئۈزۈك، بىر دەستە خوشپۇراق چېچەك تۇرغان ئەترە گۈل كوتۈرۈپ كىرىپ گوھەر قىزغا تەقدىم قىلدى. ئۈنىدىنىغا قارىماي تاراقلاپ تۇرغان ئەللىك پۈگلۈق تىزىنى گوھەرقىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، "مىرادىڭىزغا يېتىڭ بالام" دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلنى ئىككى قولىدا كوكرىكىگە يېقىپ ھاياجاندىن ياش تولغان كوزلىرى بىلەن مومايني ئۈزۈتۈپ قالغان گوھەر قىز "بۇ گۈل ياخشى خىسلەتنى، خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولۇشنى باھالىيالايدىغان خەلقىمىزنىڭ ساپ قەلبى" دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىنكى دەم ئېلىش كۈنى ئەتىگەنلىكى لۇڭقىغا چىلاپ قويغان ئەترە گۈلنى ئېلىپ، ئىنىكىسى بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقتى. ئانىسىنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا كىلىپ ئۆزىنى توختۇتالماي بىر دەم ياش توككەندىن كېيىن، قولىدىكى گۈلنى ئالدىغا تىزىتۇپ: "ئانا، مەن مېھرىبان خەلقىمىزنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىلىق قەلبىنى ساڭا كورسەتكىلى چىقتىم! — كورۇۋاتامسەن؟" دىدى-دە، قولىدىكى غىرىنچىدىن ئەندىلا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر نەچچە تېلىنى قەۋرە ئالدىغا قويدى. بەرگى بوشاپ قالغان بىر نەچچە تېلىنى ئۈزۈپ قەۋرە ئۈستىگە چاچتى. ئۇ، ئەتراپقا قارىدى. ئېراقتىكى ئەگمە گۈمبەز ئۈستىدە بىر توپ كەپتەر يېڭى كوتىرىلىۋاتقان قۇياش نۇرىدىن بەھرلىنىپ، قاناتلىرىنى كىرىپ سەكرەپ ئۇنىلەپ يۇرەتتى. ئۇ قەۋرە ئالدىغا تىكىپ قويغان ئىككى تۇپ لەيلى قازاق بىلەن جۇيخۇا گۈلى مەيىن شامالدا ئاستا تەۋرىنەتتى.

## ئايالار ھاياتىدىن بىر خاتىرە

( مۇخەممەس )

ئىشقى

شەنبە ئوتمۇشتە ئايالغا قايغۇ سالغان كۈن ئىدى ،
كەڭ جاھان تارلىق قىلىپ دائىم ئاڭا كۈن تۈن ئىدى ،
ماڭسا دەررى ، تۇرسا قامچا .... باشىدا نۇرغۇن ئىدى ،
ھەممە تەڭسىزلىك ئۇنىڭ شەنىدىكى مەزمۇن ئىدى ،
فېودالىق زۇلمىدىن قەلبى ھەمىشە خۇن ئىدى .

ئوتتى تۇتقۇنلۇقتا زۇلمەت ئىچرە يىغلاپ ئومرىلەر ،
يۈز ـ كوزىنى چولغىدى ئاقپىجە ـ چۇمبەل ـ پەردىلەر ،
قامىلىپ ھايۋان كەبى ئويدىن چىقارماي بەزىلەر ،
ئوتتى شۇڭلاشقا ھايات دەپسەندىلىكتە ئەسىرلەر ،
ئېخ ! ! ! ... بۇلارنىڭ باشىدا يامغۇر ـ بوران چاپقۇن ئىدى .

ئوقۇغانلار ئۇچتى كوككە تاپتى ئىقبالى كامال ،
ئاچتى ئىستىقبالغا نۇرلۇق يولنى ئۇ ، قۇچتى ۋىسال ،
بىزدىچۇ ؟ قالدى جاھالەت ئىچرە نادان قىز ـ ئايال ،
قۇل بولۇپ ئوتتى ئومۇر شۇڭلاشقا قالدى بى ئامال ،
بەختسىزلىكتە شۇڭا ئاققان يېشى كەلكۈن ئىدى .

يارىتىلغانتى ئايالمۇ ئەرگە ئوخشاش تەڭ ھوقۇق ،
مەزلۇم ئەمەس نامىمۇ " ئىنسان " دىگەن نامى ئۇچۇق ،
» ئەگرى « دەپ قىلدى ھاقارەت كەمسىتىپ قىلغاندا دوق ،
ھەم دىيىشتى ئىش قىلالماس ، ھەم كېرەكسىز ئەقلى يوق ،
ئۇشبۇ نامۇسلۇق خەتەپلەر كەيگۈزۈلگەن تون ئىدى .

شەنبە كۈلدەقىزىسا ھەر چاغدا ھەزرەت سەيلىسى ①،
ھەر تەرەپتە لەغمەلەر قايناۋاتتى،ياشلار بەزمىسى ،
كول بويىدا ئولتۇرۇپ ياپىراۋاتتى ئەرلەر ھەممىسى ،
ئېخ ! ! ! ئاياللغا ئۇيدە تۇرماق ئەردى " تەقدىر " سوغىسى ،
ئۇ ئادالەتسىز جاھاندا ئەركىشى ئۈستۈن ئىدى .

كىم ئېچىلماس ھەر قاچاندا ھەممە ئازات ئوينىسا ،
باغ - ۋارادىلار ئايلىنىپ گۈل بويلۇشۇپ ھەم ياپىرىسا ،
گۈل ئېچىلسا ھەممە ياقتا بارچە قۇشلار سايرىسا ،
بولسا ئەركەكتە ھوقۇق - لېكىن ئايالدا بولمىسا ،
راستىنلا ئۇ جەمىيەتتە قىز - ئايال تۇتقۇن ئىدى .

شەنبە كۈن دەرۋازا ② چەقماق ئۇچۇن يول ئەردى قىس ،
ئىككى قاسناقتا تۇراتتى دەرىلىك ئالتە رەئىس ③
چىقىراتتى ئەرنى ، ئەمما قالىتتى قانچە ھېرىس ④
كەلسە ئالدىغا ئايال ئۇرماققا ئەيلەيتتى خىرىس ،
تاشقىرى چىقماققا ئۆلكۈن دەرىلەر توسقۇن ئىدى .

تەلمۈرەتتى ئېخ ! . . . چىقىشقا تىزىلىشقان قىز - ئايال ،
ئىلتىماسلار ئەيلىشەتتى بىزگە قىلماڭ ! دەپ ۋابال ،
" بەزىمىز چىقماقچى تويغا ! يا كېسەل سورىماقچى ھال ! ،
بەزىمىز تۇققان كورۇشكە، ياكېسەل - دەپئى مالال . . . "
ئېخ ! . . . لېكىن بۇ باغرى تاشلار رەھىمسىز قۇزغۇن ئىدى .

باشقا كۈن ھەم شەنبىدەك ئوتتى زۇلۇم - زۇلمەت بىلەن ،
ئۇيدە تەڭسىزلىك - ھاقارەت ، كەمسىتىش - نەپرەت بىلەن ،
تاشقىرى چىقسا ئۇرارلەر دەررە بىشەپقەت بىلەن،
قالدۇرۇپ نادان ( ئىلىمسىز ) دەرت - ئەلەم ، كۈلپەت بىلەن ،
ئەمىلىيەتتە ئاياللار قۇل كەبى ساتقۇن ئىدى .

كوپچىلىكنىڭ دەردىنى ئارتتۇردى ھەردەم جەۋرىنى ،
ئوتكۇزۇشتى بېشىدىن ھەر چاغدا تەڭسىز قەھرىنى ،
دەرت - ئەلەملەر قورشىسا ، قازماقچى بولسا قەۋرىنى ،
چارىسىز بولغاچقا يىللاپ تۇتتى لازىم سەۋرىنى ،
ئۇئادالەتسىز جاھاندا ئۇلمەستىن مەدپۇن ⑤ ئىدى .

① ھەززەت سەيلىسى - قەشقەردە ئاپپاق خوجا مازارلىقىدا بولىدىغان سەيلە - تاماشا
② دەرۋازا - قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى دەرۋازىلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ .
③ رەئىس - مەھكىمە شەرئىيە دوغىلىرى .
④ ھىرىس - دەرۋازا تېشىغا چىقىشقا ئۇمتۇلگەن ئاياللاردىن كىنايە .
⑤ مەدپۇن - يەرگە كومۇلگەن.

كەتتى كەلەمسكە شۇ كۈن زۇلمەتتىكى داستانلىرى ،
يوقۇتۇلغاچ جەمىيەتتىن فېودال قاسقانلىرى ،
پارتىيە بەردى ئايالارغا هوقۇق بوستانلىرى ،
شۇڭا كوركەمدۇر ئۇنىڭ ئىشلەپ قەدەم باسقانلىرى ،
ئەكسى ئوتمۇشتە ئۇلارنىڭ دىللىرى مەهزۇن① ئىدى .

ئۇشبۇ كۈندە قىز - ئايالار ئىشلىمەكتە هور بولۇپ ،
قانچىسى بولدى مۇئەللىم ، قانچىسى دوختۇر بولۇپ ،
قانچىسى تېخنىكا ئىلغار ئىشلىسە باتۇر بولۇپ ،
قانچىسى بولدى ئەدىبە ئامىگە مەنزۇر بولۇپ ،
پارتىيە رەهبەرلىگىدە ئوسمىگى قانۇن دىدى .

قىز - ئايال بولغاچ بىلىملىك جەمىيەت شادۇ - خۇرام.
تونىغاچ ئىنسانلىغىنى شۇڭا يوق قايغۇ - ئەلەم ،
توهپىلەر قوشماقتا ئىشلەپ جەمىيەتكە ئۇشبۇ دەم ،
شۇڭا بولدى ئەل ئىچىدە قىز - ئايالار موهتەرەم ،
« ئىشقى » بۇ ئەركىن هاياتلىق كۈنگە بەك مەپتۇن دىدى .

❀❀❀❀❀❀❀❀❀

## كەلدى

( بىر ئايال تىلىدىن)

ئابدۇللا ئابدىرىشىت

مارت كەلدى، ئايالار بايرىمى كەلدى،
ئىلىم - پەن،چېلىشنىڭ قاينىمى كەلدى.
زوق قوزغاپ يازغۇچى، شائىر قەلبىدە،
« تۇتلىشش » چېگىنىڭ كارۋىنى كەلدى.

ئەنە كەڭ ئېتىز - قىر، جەڭگاهلار ئارا،
دىلنى مەس قىلىپ شوخ ناۋالار كەلدى.
« نامرات» دەپ قارالغان يېزا- سەهرادىن،
كوكسىگە گۈل تاقاپ گۈلباهار كەلدى.

ئامانىنا ② باغدىن قىزىل گۈل ئۈزۈپ،
خۇش ناۋا بۇلبۇلى نۇر ئامان كەلدى.
تەبەسسۇم ئىلكىدە شاتلىققا چومۇپ،
فابىرىكا ئىشچىسى گۈلجاهان كەلدى.

بىر ئومۇر هورمەتكە سازاۋەر بولغان،
ئاق چاچلىق مۇئەللىم پاتىمە كەلدى.
بىتاپلار تېنىگەشىپالىق بېرىپ،
ۋىراچ قىز مەهبۇبە، ئامىنە كەلدى.

---

② ئامانىنا- ئامانىنىسا خېنىم

① مەهزۇن - قايغۇلۇق م

كورۈشۈپ «بايراقدار ئايالار» بىلەن،
تۈيۈقسىز بۇ كوڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى.
بىلمەكچى بولسىڭىز، مېنىڭ كوزۈمگە،
ئاپەتلىك شۇم يىللار كورۈنۈپ كەتتى:

ئۇ چاغدا تەلۋىلەر زوراۋان ئىدى،
بۇلاڭچى - تالاڭچى پاراۋان ئىدى.
«چاچ ئۇزۇن، كەم ئەقىل» دېگەن بۇ تامغا،
پاك، يۇمران تەنلەرگە بېسىلغان ئىدى.

تالايلاپ مومايلار، چوكان - قىزچاقلار،
خۇن ئىچەر يىللارنىڭ قۇربانى بولدى.
بىگۇنا بوۋاقنىڭ رەڭگى سارغىيىپ،
كوزلىرى ئولتۇرۇپ، قان ياشقا تولدى.

ئىلىم - پەن، مەرىپەت چەكلەنگەن ئىدى،
يۈرەكنىڭ زىندىسى بېغىشقا يەتكەن.
كىمكى گەر بويسۇنماي قالسا پەرمانغا،
زەي - سېسىق تۈرمىدا ئالەمدىن كەتكەن...

ھە، بۈگۈن، بوگۇنچۇ دەۋر باشقىچە،
خوشاللىمىز بۈۋاقتىن ئاتمىش ياشقىچە.
تارىخنىڭ ھوكۇمى قويمايدۇ ئاياپ،
شۇم رەسۋا قوزغۇنەك قوپۇپ قاچقۇچە.

شۇ سەۋەپ مەن بۈگۈن قىلىمەن جاكا:
جەڭگاھقا ئات سالدىم داۋان ئاشقىچە.
مېھنەتتىن ئالتۇن تەر توكۇش ئەھدىم بار،
كەڭ تۈمەن دەرياسى تولۇپ تاشقىچە...

# ئاق جۇۋان

توختى ئەمەت

ئاق جۇۋان ئاپپاق بوۋاينىڭ ياخشى كورگەن يارىدۇر،
مېھرى ئاپپاق، يۈزى ئاي، سوزى يۈرەككە تارىدۇر.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك، گۈلدەك ياراشقان زىرىسى،
تېنى ساغلام، كوڭلى خوش، ئەمگەك ئۇنىڭغا دارىدۇر.

ئاق جۇۋان - ئايدەك جۇۋان ئاپتاپقا ئامراق ئۇ، ئوزى،
مېھرى ئىسسىق، قەلبى چوغ، بالدىنمۇ تاتلىق ھەم سوزى.
مەڭزى ئوخشايدۇ مىسالى توق قىزارغان ئالمىغا،
بار يەنە شەمشەر سىمان قاشى، بۇلاقتەك جۇپ كوزى.

ئاق جۇۋان چىقتى ئېتىزغا ئايدىڭدا ئوما ئورغىلى،
كىردى سولغا يەڭ تۈرۈپ ئەرلەرنى ھەيران قىلغىلى.
ئومىنى ئوردى جۇۋان چىقتى ئېتىزنىڭ بېشىغا،
ئاق بوۋاي چاۋاك چېلىپ كەلدى جۇۋاننىڭ قېشىغا.

چىقتى غۇر ـ غۇر شوخ شامالالار شۇ بۇگۇن تالڭ ئاتقۇچە،
ئاق جۇۋان خاماندا بولدى ئەل بىلەن كۇن پاتقىچە.
سالدى ئىشقا ئارانى ئالتۇننى ئىلغاپ ئالغىلى،
ئاق بوۋاي قەھ ـ قەھ كۇلۇپ تۇردى راۋاپنى چالغىلى.

سورىدى خامانىنى ئۇ، قاۋۇل بىلەكنى تالدۇرۇپ،
چەشلىدى ئالتۇننى تاغدەك ئەرلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ.
ئاق جۇۋان، ئاپپاق بوۋايلار مول ھوسۇل ئالدى بۇگۇن،
كەلتۇرۇپ كوپلەپ دارامەت يېڭى باي بولدى بۇگۇن.

❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖

# پەرۋاز قىلدۇق كوككە بىز

## ئامىنە دولەت

ئوتموشتە بىز ئايالالار،
قاناتى يوق قۇش ئىدۇق.
باي ـ زالىملار قولىدا،
كۇندە دەشنام، مۇش يىدۇق.

بېشىمىزدىن كەتمەيتتى،
تىل ـ ئاھانەت ھەم تاياق.
يەردە ئىڭراپ ياتاتتى،
پارچە نانغا زار بوۋاق.

ئەرك ئىزلەپ قانچىلار،
زىندانلارغا سولانغان.
بىز ئايالالار ئوتموشتە،
ئەجەپمۇ كوپ خارلانغان.

نۇرلار چاچتى پارتىيە،
شەپقەتچىمىز ـ ئاتىمىز؛
بەرگەچ بىزگە گالڭ قانات،
پەرۋاز قىلدۇق كوكتە بىز.

ئەرلەر بىلەن باراۋەر،
بۇگۇن مانا ھوقۇقتا.
قېلىشمايمىز ئۇلاردىن،
ئىش ـ ئەمگەكتە، ئوقۇقتا.

سايراپ تۇرار ئىستانوك،
زەپ ياراشقان چېچەكلەرگە،
« قەھرىمان » دەپ نام ئېلىپ،
شان كەلتۇردۇق ۋەتەنگە.

يۇكسەلمەكتە كۇرەشتە،
گۇزەل غايە ـ ئېڭىمىز.
كەلسە توسقۇن مۇبادا،
پەرھات بولۇپ يېڭىمىز.

ۋەتەن ئۇچۇن يانىدۇ،
دىلدا ئوتلۇق مېھرىمىز.
يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ،
باتۇر ئوغۇل ـ قىزى بىز.

## ناخشىچى قىزغا

شاۋكەت ئابلىمىت

سەھنىدە ، گۈل باغدا ، شەھەر، مەكتەپتە،
گۈزەل قىز شات ناخشاڭ قىلىدۇ پەرۋاز.
تىڭشايمەن ناخشاڭنى ئىشتىياق بىلەن،
قەلبىمگە كۈچ بېرەر شۇياڭراق ئاۋاز.

ناخشاڭنى ئاڭلىغان بوۋاي، مومايلار ،
« چىۋەر قىز ياشا » دەپ بەخت تىلەيدۇ.
ناخشاڭنىڭ خۇشخۇي ھەم نەپىسلىكىدىن،
ئوت يۈرەك يىگىتلەر: «بۇلبۇل ئۇ» دەيدۇ.

مەكتىۋىم ئىپتىگى ـ ئىلىم باغچىسى ،
يەنىمۇ جانلىنار ناخشاڭنى ئاڭلاپ.
ساۋاقداش دوستلىرىڭ تەرىپلەر ھامان،
نەزمىلەر تۈزىدۇ ناخشاڭنى داڭلاپ.

ناخشاڭنىڭ مەزمۇنى شۇنچىلىك يۈكسەك
خەلقىمنىڭ ئۈنىڭدا يۈرەك سوزى بار .
گۈزەل قىز ناخشاڭنى يەنىمۇ ياڭرات،
پارتىيەم سەن ئۈچۈن مەڭگۈ مەدەتكار.

× × ×

ئەي چىۋەر غەزەلخان شات ناخشاڭ بىلەن،
ئۈزۈڭگە مەھلىيا قىلدىڭ بۇلبۇلنى.
كوڭۈللەر بېغىدىن گۈلدەستە تۈزۈپ،
گۈزەل قىز سەن ئۈچۈن تۇتتۇم بۇ گۈلنى.

## بىزنىڭ كوچىدا

قۇربان ئىمىن

شەھرىمىزدە «باغ كوچا»،
خۇددى جانان چىنىدەك.
چوڭ ـ كىچىكلەر سويمەكتە،
تازىلىقنى جىنىدەك.

ئەخلاقتا زىت ئىشلاردىن،
ئەمدى قولنى ئۈزۈشكەن.
ھەمكارلىشىپ ياشاشقا،
ئەھدىنامە تۈزۈشكەن.

بىر ـ بىرىگە كويۇمچان،
بۈگۈن بارلىق خوشنىلار.
كوممۇنىستىك ئەخلاقتىن،
ئېچىلغاچقا غۇنچىلار.

ئالدىنقى يىل بىر خوشنا،
«ئۇرۇشقاق» ـ دەپ ئاتالغان.
بۇ يىل ئۈنىڭ كوكسىگە،
بىر قىزىل گۈل قادالغان.

ئامما بىلەن ئەپلىشىپ،
ئىناقلىقنى باشلىدى.
سوراپ ئەلدىن كەچۈرۈم،
نوچىلىقنى تاشلىدى.

ئاق كوڭۈل بۇ خوشنىلار،
گوياكى بىر ئائىلە.
ھەممە كىشى خۇشچىراي،
گۈلدەك خۇش مۇئامىلە.

چاچماقتا خۇش پۇراقلار،
ئىتتىپاقلىق گۈللىرى.
چېچىلغاچقا ئاپتاپتەك،
كومپارتىيە نۇرلىرى.

رەنا گۈلدەك كوچىمىز،
ھەممە ئويلەر پاكىزە.
ئوسكەچ يېڭى كەيپىيات،
ھەر يەردە گۈل مەنزىرە.

# قىزىلبايراق قاداش

(هېكايە)

ئابلەت ئابباس قۇربانى

مەن 5 ياشلىق ئوغلۇم ئەسقەرگە ئاياق كىيىم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، «ئىستىپاق» تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرگىنىمدە، خېرىدارلار شالاڭ ئىدى. ئەينەك پۆكەي ئىچىگە، مال جازىلىرىغا تىزىۋېتىلگەن ماللار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. مەن ئوغلۇمنى يېتىلەپ ئۇدۇل ئاياق كىيىم ساتىدىغان يەرگە باردىم. پىرگازچىك خەنزۇ ئايال مېنى خۇشچىراي قارشى ئالدى. بىرقانچە خىل ئاياقلار ئىچىدىن ئوبدانراق بىرخىلىنى تاللىدىم ـ دە، ئوغلۇمغا شۇنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇم. مەن ئوغلۇمغا ئاياق كەيدۈرۈۋاتقاندا، ئاياق كىيىم ساتىدىغان جايغا ئانچە يىراق بولمىغان گەزلىمە ساتىدىغان جايدا 40 ياشلار چامىسىدىكى بوغداي ئۆڭلۈك، تەمبەل بىر دېخان قولى بىلەن قانداقتۇر بىر خىل رەختنى كۆرسىتىپ پىرگازچىكقا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇۋاتاتتى. غۇنچە بوي، شالاڭ قاشلىق، قاڭشىرى تۈۋەنرەك، ئاق پىشما كەلگەن، 24 ـ 25 ياشلاردىكى پىرگازچىك يىگىت بولسا قولىدىكى مېتىر بىلەن «مانىمۇ؟ مانىمۇ؟» دەپ گەزلىمىلەرنى كۆرسىتەتتى. «5» دېگەن رەقەم چۈشۈرۈلگەن خىزمەت ئىزنىگى مەيدىسىدە پا ـ قىراپ تۇراتتى.

ـ ياق، شۇنىڭ تېگىدىكى گۈللۈك شاپتۇل چېچەكلىك گىرىپتىشنىنى، ـ دەيتتى دېخان. پىرگازچىك بولسا بىر ئۈستۈنكىسىنى، بىر ئاستىنقىسىنى كۆرسىتەتتى. لېكىن دېخاننىڭ دېگىنى ئۇ بولماي چىقاتتى. پىرگازچىك بىر هازا ئۇنى ـ بۇنى كۆرسىتىپ زېرىكتى بولغاي شالاڭ قاشلىق قوشۇمىسى ئاستا تۈرۈلدى.

ـ ۋاي ئانچۇ! ـ دېدى دېخان ئاۋازىنى كۆتىرىپرەك سوزلەپ قولى بىلەن ئۆزى ئالماقچى بولغان رەختنى كۆرسىتىپ، ـ گەپ ئۇقىدىغان بىرسىنى ئەكىرىپ قويسا بولمامدىكىنە! ـ دەپ قوشۇپ قويدى تىرىككەن هالدا.

ئېهتىمال، "مېنى تىللاۋاتىدۇ" دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، مال جازىسىغا يولۇنۇپ قولىدىكى مېتىر بىلەن رەختنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقان يىگىت بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى خېلىلا ئۆزگۈرۈپ، قوشۇمىسى راۋۇرۇس تۈرۈلگەن ئىدى.

ـ سەن رەخت ئالغىلى كەلدىڭمۇ ياكى ئادەم ئاخماق قىلىندىمۇ؟ ئۇنىمۇ ئەمەس دەيسەن، بۇنىمۇ ئەمەس دەيسەن، زادى

قايسىسىنى ئالاتتىڭ؟

خەلزۇ ئىدلى بىلمەيدىغان دىخان پىر ـ
گازچىك يىگىتنىڭ ئۆزىگە بولغان دارازى ـ
لىغىنى ئىپادىلەپ تۇرغان چىرا يىدىن
ۋە ئۇنىڭ يۇقۇرى ئاۋازىدىن «مىنى هاقا ـ
رەتلەۋاتىدۇ» دەپ پەملىدى بولغاي،
بىردىنلا قىزىشىپ كەتتى.

ــ نىمە ئىللايسەن؟ مەن ساڭا بىكارغا
بەر دەۋاتقىنىم يوققۇ! چونتىگىمگە پۇل
سىلىپ كەلدىم!ـ دىخان كەمزۇلىنىڭ پۇل
سىلىنغان مەيدە يانچۇغىنى ئوڭ قولى بى ـ
لەن شاپىلاقلاپ قويدى.

پىرگازچىك يىگىتنىڭ كوزلىرى چەكچەي ـ
دى. چۈنكى ئۇ دىخاننىڭ پۇل سالغان يانچۇ ـ
غىنى شاپىلاقلىغىنىنى "قىنى، نوچا بول ـ
ساڭ مەيدانغا چىق!» دىگەن مەنادا چۇ ـ
شەنگەن ئىدى.

ــ گەنشىمىنى ① ؟ـ دىدى يىگىت ۋا ـ
قىراپ.

ــ يەمسەن مىنى؟ ـ دىدى دىخان پىر ـ
گازچىك يىگىتنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىر
قەدەم ئالدىغا مىڭىپ.

شۇ ئارىلىقتا بىر قانچە خېرىدارلار
كېلىپ پۇكەينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە
ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشىۋاتقانلىغىنى چۇ ـ
شىنەلمەي، دىخان بىلەن پىرگازچىكقا سوئال
نەزىرى بىلەن قاراپ قېلىشتى.

شۇ چاغدا «دىخان مىنى قاتتىق ئىللا ـ
ۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنگەن يىگىت:

ــ ۋىيسا مارىنني ② ؟ـ دىدى بوش
كەلمەي.

ــ هە، مىنىڭ ئويۇم بارىندا. نىمە قىلات ـ
تىڭ؟ ـ دىدى دىخان تېخىمۇ ئاچچىغلاپ.

مەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەند ـ
مەسلىكتىن كېلىپ چىققان قىزىقچىلىقلار ـ
دىن كۇلۇپ تاشلىدىم. لېكىن، يەنە بىر
تەرەپتىن، چۈشۈنۈشمەسلىك يەنە ئازراق
داۋام قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇپ قىلىشى ـ
دىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ قالدىم. ئاياق
كىيىم ساتىدىغان پىرگازچىك يولداش
مىنىڭ بۇ خىيالىمنى چۈشەنگەندەك ،
«سىز بىرىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇڭ،
ئىككىنچى پاي ئاياقنى مەن كەيدۇرۇپ
قوياي » دەپلا بالىغا قول ئۇزاتتى. مەن
ئوغلۇمنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىپ،
دەرهال ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم ،
شۇ چاغدا ماگېزىن مۇدىرى يولداش ۋاڭ
باۋشەنمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ئۇلار ـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئوتكەن چۈشۈ ـ
نۈشمەسلىكنى دىخان بىلەن پىرگازچىك
يىگىتكە ئېنىق چۈشەندۇردۇم.

ــ هە، مۇنداق دەڭ، هەي، ئىل ئۇقمى ـ
غانلىقنىڭ كاشىلىسى، لېكىن بۇ بالا مىنى
بەك ئاۋارە قىلىۋەتتى. ئىشىم ئالدىراش
ئىدى، ـ دىدى دىخان بىر تەرەپتىن خى ـ
جىل بولغان، بىر تەرەپتىن كايىغان هال ـ
دا.

ــ يولداش، خاپا بولماڭ، سەۋەنلىك
بىزدىن ئوتتۇپتۇ، بۇندىن كىيىن خىزمەت
ئوتەش پوزىتسىيەمىزنى چوقۇم ياخشىلاپ،
خېرىدارلارنى رازى قىلىمىز! ـ دىدى ما ـ
گېزىن مۇدىرى ۋاڭ باۋشەن دىخانغا
سەمىمى ئوزۇرخالىق ئېيتىپ. ئۇ، ئۇيغۇر ـ
چىنى خاتاسىز هەم چىرايلىق سوزلەيتتى.
يولداش ۋاڭ باۋشەن ، دىخان ئالماقچى
بولغان شاپتۇل چېچىگى گۇللۇك گىرىپد ـ
تىنشىندىن 3 يېرىم مېتىر يىرتىپ قاتلىدى ـ

① نىمە دەيسەن؟ ② نىمىشكە ئادەم ئىللايسەن؟

دە، ئەپچىللىك بىلەن قەغەزگە ئوراپ دىخانغا ئۇزاتتى.

— بىز ئۇيغۇرلاردا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سوزۇڭ يوقمىدى» دېگەن تەمسىل بار. مۇدىرىڭلارنىڭ پوزىتسىيىسى نىمە دېگەن ياخشى. شۇ تاپتا قەلبىم سۇيۇنۇپ كەتتى، — دېدى دىخان نىمە ئەھۋال بولغانلىغىنى ئۇقماقچى بولۇپ كەلگەن باشقا پىرگازچىكلارغا.

— ئاكا، بۇ تەنقىدىڭىزنى چىن قەلبىمىزدىن قوبۇل قىلىپ، مۇدىرىمىزدىن ئۆگۈنۈپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيمىز، — قارا قۇمچاق كەلگەن، يۇمۇلاق يۈز، كالتە چېچى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان پىرگازچىك قىز ئۇيغۇرچىنى سەل - پەل دۇدۇقۇۋراق سوزلىسىمۇ، قەشقەر تەلەپپۇزى ئۇنى ناھايىتى ئوماق قىلىپ كورستەتتى. شۇ چاغدا، پىرگازچىك يىگىت ئەيىپكارلارچە بېشىنى تۆۋەن قىلدى.

× × ×

كۇلۇپ تاماشا بىنلار بىلەن لىق تولغان بولسىمۇ، ۋاقىت توشمىغانلىقتىن، كىنو تېخى باشلانمىغان ئىدى. شۇڭا يېنىمدا ئولتۇرغان دوستۇم بەختىيار بىلەن ئىككىمىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدۇق.

— يولداش ئەخمەت، لوبىنجىنى ئۇيغۇرچە نىمە دەيدۇ؟ — دېدى بىرسى مۈرەمگە قولىنى قويۇپ. مەن يالتتىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئىسمىمنى ئاتىغان ئاۋاز ئىگىسىگە قارىدىم. قارىسام «ئىتتىپاق» تۇرلۇك ماللار ماگېزىنىنىڭ مۇدىرى يولداش ۋاڭ باۋشەن كەينىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىكەن.

— ھە يولداش لاۋۋاڭ، سىزمىدىڭىز. لوبىنجىنى ئۇن ئالغۇ دەيمىز، — دەپ جاۋاپ بەردىم كۇلۇپ تۇرۇپ، «ئۇن ئالغۇ» دەپ تەكرارلىدى لاۋۋاڭ ۋە يانچۇغىدىن كىچىك دەپتىرىنى ئېلىپ يېزىۋالدى.

— بۇ، سىزگە نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — سورىدىمەن قىزىقىپ.

— خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ماگېزىنلاردا سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرىمۇ كوپەيدى. ماگېزىنىمىزغا يېقىندىن بۇيان ئىككى قېتىم ئۈن ئالغۇ كەلتۇرۇپ ساتتۇق. ماگېزىن مۇدىرى، پىرگازچىكلار ئۇچۇن ئوز تىجارەت دائىرىسىدىكى ماللارنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىسمىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. بولمىسا قانداق قىلىپ خىزمەت ئوتەش سۇپىتىنى ئوستۇرگىلى بولىدۇ!

يولداش ۋاڭ باۋشەنىنىڭ بۇ سەمىمىي، توغرا سوزلىرى ئوتكەندە پىرگازچىك يىگىت بىلەن دىخان ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىكنى ئېسىمگە سالدى.

— ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتى توغرا، ئوتكەندىكى ئىشمۇ دەل تىل ئۇقۇشمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان، — دېدىم لاۋۋاڭنىڭ سوزىنى تەستىقلاپ.

— ھە، شياۋلىزىنى دەمسىز؟ ئۇنىڭ بىزدە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن سەل ئاشتى. لېكىن ماڭا بىر نەچچە قېتىم بۇنداق چۈشۈنۈشمەسلىكنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلدى. ئوتكەندىكى ئىش يۈز بەرگەن ئاخشىمى ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىپ، ئوز بېشىمدىن ئوتكەن خىزمەت سەرگۈزەشتىلىرىم ئارقىلىق تەربىيە قىلدىم. شياۋلىزىمۇ تىل ئۇقمىغانلىقتىن، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يولىنى تاپالماي ناھايىتى تىت-تىت بولىدىغانلىغىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ «ئەپلىك يولى»نى كورسۇتۇپ بەردىم.

— دېمەك، سىزمۇ شۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەن ئىكەنسىز-دە؟ — سورىدىم مەن لاۋاڭنىڭ خىزمەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىماق بولۇپ.

— ھەي، ئۇنى بىر دېمەك. مەن دەسلەپتە خىزمەتكە چىققاندا، يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ ماگىزىنىدا ئىشلەيتتىم. بىر كۈنى بىر دېخان " موزا بارمۇ؟ " دەپ سورىدى. مەن باش كىيىمنى دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ "تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە بېرىڭ" دېدىم. ھېلىقى دېخان، — مەن ئۆتكەندە مۇشۇ ماگىزىندىن ئالغان ئىدىم، ئىزدەپ بېقىڭ " دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ خۇددى شياۋلىزىغا ئوخشاش "مېنى ئەتەي ئاقماق قىلىۋاتىدۇ" دەپ ئويلاپ، دېخان بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم. كېيىن ئۇقسام "موزا" دەل ئۆزۈم سېتىۋاتقان بىر خىل دورا-دەرمەكنىڭ ئىسمى ئىكەن.

بەختىيار بىلەن ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدۇق، لاۋاڭمۇ بىزگە ئەگىشىپ كۈلۈپ:

— بۇ راست گەپ. مىللىي رايوندا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىمەن دەيدىكەن، ھېچبولمىغاندا، ئۆز كەسپىدە ئىشلىتىدىغان مىللىي تىل-يېزىقنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم شەرتى، — دېدى. يولداش ۋاڭ باۋشەن يەنە نىمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدىلا قالدى. چۈنكى كىنو باشلىنىپ قالغان ئىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى باللارنى ئوينىتىپ كېلىش ئۈچۈن يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز باللارنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتۇق. «ئىتتىپاق» تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ھېلىقى دېخانغا كوزۇم چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ يېنىدا 12 — 13 لەرگە كىرىپ قالغان چىرايلىققىنا بىر قىز تۇراتتى.

— دادىسى، ئامىنەمگە ئاۋۇرەختىن بىر كوينەكلىك ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى ئايال ماگىزىندىن چىقىۋاتقان بىر قىزنىڭ قولىدىكى گۈللۈك شىپىڭ دۇخاۋنى كورسىتىپ. دېخاننىڭ ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ بىرجۈپ قارا كوزى خوشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.

— يۈرە، باشقا ماگىزىندىن ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى دېخان مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— ماگىزىننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، يەنە قايسى ماگىزىنغا باراتتۇق، يۈرسىلە بالىنى تەقەززا قىلماي، — دېدى ئايال سىپايىلىق بىلەن ئېرىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

— بولمىسا ئۆزەڭ كىرىپ ئال.

— توۋا، بۇ ئادەمنىڭ تەرسالىقىنى! ماگىزىندا سىلىنى يەۋېتىدىغان بورى يوققۇ ياكى بىرسىدىن قەرزلىرى بارمىدى؟ — ئېرىنىڭ تەرسالىقىدىن نارازى بولغان ئايال سەل-پەل دومسىيىپمۇ ئالدى.

— ئۆزۈڭ كىرىپ ئېلىۋەر دېدىمغۇ، مانا پۇل! — دېخان توش يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقازدى.

— يۈرە بالام، ئۆزىمىز ئېلىۋېرەيلى، داداڭ كىرمىسە كىرمىسۇن، — ئايال ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. قىزچاق دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، قولىدىن تارتىپ دېخاننىمۇ ماگىزىنغا سورىدى.

ماگىزىندا خېرىدارلار كوپ ئىدى. تورۇسقا ئورنىتىلغان ۋىترىنىلەتۈرنىڭ ئۈچقا-

دەك ئايانىشىدىن چىقىۋاتقان شامال كى-
شىنىڭ يۈزىگە يۇمشاق سويۇپ ئۆتۈپ ھو-
زۇر بېغىشلايتتى.

-يولداش، گۈللۈك شىپىڭ دۇخاۋىسىنى
ئېلىپ بېرىڭا، - دېدى ئايال ۋە يېنىغا
كەلگەن قىزىغا رەختلەرنى كۆرسۈتۈپ، -قانى
دېغىنى كىيسەن بالام؟ - دەپ سورىدى.

- ئۆزىڭىزگە ئالامسىز ياكى قىزىڭىزغى-
مۇ؟ - 5 - نومۇرلۇق پىرگازچىك يىگىت
بىر تۈپ تېگى قارا، گۈللۈك شىپىڭ دۇ-
خاۋىسىنى ۋە بىر توپ تېگى ساغۇچ، گۈل-
لۈك شىپىڭ دۇخاۋىسىنى پۈكەيگە قويۇۋې-
تىپ خۇشخۇيلۇق بىلەن سورىدى. پىرگاز-
چىك يىگىت ئۇيغۇرچىنى دۇدۇقۇۋراق سۆز-
لىسىمۇ، لېكىن گېپى چۈشۈنىشلىك ئىدى.

- مۇشۇ قىزىمغا ئالىمەن.

-ئۇنداق بولساماۋۇسى ياپكېلەرمىكىن، -
دېدى يىگىت تېگى ساغۇچ گۈللۈك شىپىڭ
دۇخاۋىسىنى كۆرسۈتۈپ.

- ئانا مۇشۇنىڭدىن ئېلىپ بەر، - دې-
دى قىزچاقمۇ پىرگازچىك سايە قىلغاننى
كۆرسۈتۈپ.

- ماقۇل، مۇشۇنىڭدىن ئالايلى، - دېدى
ئانا قىزىنىڭ رايىغا بېرىپ.

چەتتىرەك تۇرغان دېخان پىرگازچىك
يىگىتنىڭ خۇشخۇي چىرايى، چەبدەسلىكى
ۋە ئۇيغۇرچىنى بىر ئەپچىل سۆزلىشىدىن
ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك، كۆزىنى
ئېچىمۇ چوڭراق ئېچىپ قارايتتى.

مەنمۇ ئۆتكەندە بىر قانچە قېتىم ماگې-
زىنغا كىرگىنىمدە، شياۋلىزىنىڭ خېرىدار-
لار يوق چاغدا كىچىك خاتىرە دەپتەرنى
ئېچىپ قويۇپ بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ
ئولتۇرغانلىغىنى ئەسلەپ " يولداش ۋاڭ
باۋشەن كۆرسەتكەن ئەپلىك يول، شۇ ئى-
كەندە» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم.

شياۋلىزى يىرتىلغان تېگى ساغۇچ گۈل-
لۈك شىپىڭ دۇخاۋىسىنى چاققانلىق بىلەن
قاتلاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئايالغا ئۇزاتتى.
رەخت ئايالنىڭ قولىدىن قىزنىڭ قول-
غا ئۆتتى. قىزچاقنىڭ چاقناپ تۇرغان بىر
جۈپ قارا كۆزىدىن، ئۇماقلىغىنى بېزەپ
تۇرغان زىناقلىرىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن
خوشال بولغانلىغىنى بىر قاراشتىلا كۆرۈ-
ۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

-يۈرسىلە، ئەندى چىقىپ كېتەيلى.

دېخان ئايالنىڭ تۇيۇقسىز ئاۋازىدىن
چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىدا تۇرغان ئايال-
نى، شىپىڭ دۇخاۋىسىنى تۇتۇپ كۈلۈپ
تۇرغان قىزىنى كۆرۈپ بىر پەس ئويلىنىپ
قالدى.

- باياتىن كىرگىلى ئۇنىمايلا، ئەندى
چىقماي تۇرۇپلا قاللىغۇ، - دېدى ئايال
كۈلكىسىنى يوشۇرالماي.

شۇ چاغدا دېخاننىڭ كۆزى بىردىن پىر-
گازچىك يىگىتنىڭ مەيدىسىدە پاقىراپ نۇر
چېچىپ تۇرغان "5» دېگەن رەقەم يېزىلغان
ئىزناكقا، ئاندىن تامغا يېپىشتۇرۇلغان
قىزىلبايراق سەھنىسىگە چۈشۈپ، خۇددى
قېيىن بىر تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپى-
ۋالغان ئادەمدەك، چىرايى بىردىن ئېچى-
لىپ، لىۋىگە كۈلكە يۈگۈردى. قويۇق قاش-
لىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى چاقناپ كەتتى،




— توختاپ تۇرۇڭلار ئالىمسى، — دېدى دېخان ۋە دەرھال قىزىل بايراق سەھىپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ "5" نومۇرلۇق پىرگازچىكنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىغا تۆنجى قىزىل بايراقنى قادىدى. دادىسىنىڭ ھەركىتىدىن مەمنۇن بولغان قىز ۋە قىزنىڭ ئانىسى خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن پىرگازچىك يىگىتكە ۋە ھاياجان ئىچىدە يىگىتنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرغان دېخانغا خوشال ھالدا قاراپ قېلىشتى.

---

(بېشى 39 — بەتتە)

دى. مۇختەر مۇئەللىمگە بولسا: «ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلىغى» دېگەن قالپاقنى كەيگۈزدى. كوچىلاردا سازايى قىلىش، چوڭ-كىچىك يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇپ كۈرەش قىلىش ئازكەلگەندەك، ئۇلارنى ئاستىغا سۇ سېپىپ مۇزلىتىلغان سوغۇق ئۆيگە سولاپ تۇگىغا سېلىشتى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلىشماي، مۇختەر مۇئەللىمنى يالاڭباشتاق قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر قانچە چېلەك مۇزلۇق سۇ قۇيۇپ ئازاپلىدى. ئاخىر ئۇنى "جاھىل ئۇنسۇر» قالپىغى بىلەن خىزمەتتىن بوشۇتۇپ يېزىغا ھەيدىدى....

ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئەنە شۇ دەھشەتلىك مەنزىرىسىنى ئويلاپ، چۆچۈپ كەتتىم، ئۆز كوزۇمگە ئۆزەم ئىشەنمىگەن ھالدا مۇختەر مۇئەللىمگە كوز تىكتىم.

مەن پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدىم! يەنىلا ئوقۇتقۇچى بولدۇم، — دېدى ئۇ بىر جۈپ مېھرىبان كوزىنى مەندىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — يېڭى دەۋرماڭا يېڭى ھايات بەردى. ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.....

قوڭغۇراق چېلىندى. شات — خۇرام ئىلىقا چېمگەن ئوقۇتقۇچىلار دەرس پىروگىراممىژورناللىرىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ، غالىپ قەدەملەر بىلەن سىنىپلارغا يول ئېلىشتى.

مېنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىم مۇختەر ماغدۇرسىز پۈتلىرىنى ئاران — ئاران يوتكەپ، ژورنالنى قولتۇغىغا قىستۇرغىنىچە جەڭگىۋار توپ ئىچىگە قوشۇلۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ تىرە تۇمىغى ئاستىدىن كورۇنۇپ تۇرغان ئاق چاچلىرى بەئەينى قارىغاي يا پرىغى ئۈستىدىكى قارچېچەكگە ئوخشايتتى.

# قار چېچىكى

(نەسر)

ئابدىراززاق ئەخمەدى

1978- يىلىنىڭ باش باھارى ئىدى.

مەن مەكتەپ بىناسىغا قەدەم قويغاندا، يېرىم كېچىدىن بېرى توختىماي چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. بىر مۇنچە بالىلار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئىلمىي مۇدىر، ئىشخانىسى بىلەن ھەرقايسى ئوقۇتۇش بىنالىرى ئالدىدىكى ئاسپالت يوللارنى چىرايلىق تازىلاپ، بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرماقتا ئىدى.

مەن ساۋاقداشلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ھالدا بىنا ئالدىدىكى قارىغاي يېنىغا كەلدىم-دە، ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانغا چۆمدۈم. قارىغاي ئاجايىپ گۈزەل تۈس ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپى قار چېچەكلىرىدىن گۈل قىسىپ شۇنچە مەغرۇر تۇراتتى. ياپراقلارنىڭ ئاستى تەرىپى بولسا، يەنىلا باھار پەسلىدىكىدەك ياپ-يېشىل ئىدى.

«ئېخ! جەسۇرلۇق ئوبرازى! — دىدىم مەن كۆز ئالدىمدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغان قارىغايغا قاراپ، — سەن پۈتكۈل كائىناتتىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ غۇرۇرى، پەخرى سەن! شۇنداقلا قەھرىمانلىق-غالىپلىق سىمۋولى سەن!

مەن ھاياجان ئىچىدە ھىسسىياتىمنى باسالمىدىم. بىر چاغلاردا ئوقۇتقۇچىم مۇختەر ئوقۇپ بەرگەن مۇنۇ ناخشىنى ئەسكە ئالدىم:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئارغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

ئوقۇتقۇچىم ئەنە شۇ ناخشىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ: „تاغلار بىر-بىرىدىن ئېگىز بولىدۇ، بىراق بۇ ئېگىز تاغلار بىلىم-تەپەككۇر جەۋھىرىدىن ئىبارەت بولاققا يەتمەيدۇ." „ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۈل باغلىرى» دىگەن مىسرالار بىلىم ئەھلىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىلىم-پەن دۇنياسىغا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى، تىرىشىپ يۇقۇرىغا ئۆرلىگۈچى بىلىم ئەھلى مەڭگۈ قېرىمايدۇ. يىللار ئۇلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىغا قارچېچەكلىرىنى قوندۇرسىمۇ، كۆڭلى باھار قۇشلىرى سايرىشىپ تۇرغان باققا ئوخشايدۇ ..." دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.

مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئەسكە ئالغان ھالدا كۆرۈشمىگىلى 10 نەچچە يىل بولغان ئۇستازىم مۇختەرنى ئويلاپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم.

ـ ئەلۋەر، ياخشىمۇ سىز؟

خىيال ئىچىدە ئارقامغا بۇرۇلدۇم. قارـ
سام ئالدىمدا قارا چىپەرقۇتتىن كالتە جوـ
ۋا ۋە پاختىلىق شىم كەيگەن، بېشىدىكى تېـ
رە تۇمىغى ئاستىدىن ئاقىرىپ كەتكەن
چاچلىرى كورۇنۇپ قالغان، بۇرنىنىڭ سوـ
ڭەكلىرى پىچاق بىسىدەك چوخچىيىپ قالـ
غان، ئۇرۇقلۇق ئازاۋىدىن يۈزى قوشۇقـ
تەك بولۇپ قالغان بىر مويسىپىت كىشى
كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

مەن ئۇ كىشىنى قاچاندۇ بىر ۋاقىتتا
بىر يەردە كورگەندەك قىلىمەن، مەن ئالدىمـ
دا كۆلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ كىشىنىڭ زەـ
ئىپ، ئەمما يېقىملىق چىرايىغا سىنچىلاپ
قاراشقا باشلىدىم.

ـ مېنى تونىيالمىدىڭىزمۇ؟ "مەدىنىيەت
ئىنقىلاۋى» دىن بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىڭىز
مۇختەر بولىمەنغۇ؟ ـ دېدى ھېلىقى كىشى
ئوچۇق چىراي بىلەن.

ـ مۇختەر؟ قەدىرلىك ئۇستازىم مۇختەر!ـ
دەپ ئۈنلۈك توۋلىۋەتتىم ـ دە، ئوقۇتقۇـ
چىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئۇـ
نىڭ چىرايىغا يەنە بىر. قېتىم يېنىشلاپ
قارىغىنىمدا، ئوتكەن ئىشلار خۇددى كىنوـ
دەك كوز ئالدىمدا پەيدا بولۇشقا باشلىـ
دى.....

مۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن مەن ئۇـ
نى تۇنجى قېتىم مەكتىۋىمىزنىڭ توپمەيـ
دانىدا ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇ چاغدا مۇخـ
تەر مۇئەللىم قاپ ـ قارا چاچلىرى قۇنـ
دۇزدەك يالتىراپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن
نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ستالىن پوسۇنىدا
تىكىلگەن شەپكىسى بىلەن سارجا كاستيۇم،
بۇرۇلكىسى ۋە جىگەررەڭ بەتىنكىسى خويما
ياراشقان، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان
چاققانلىغىنە يىگىت ئىدى. كېيىنچە ئۇ بىزـ
نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بوـ
لۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلىم قابىلىيىتى
ئۇستۇن بولۇپ، مىجەزى تۈزۈك، كىلىشەڭـ
گۈ كىشى ئىدى. بىز ئۇنىڭ دەرسىنى زوقـ
مەنلىك بىلەن ئاڭلاپ قانمايتتۇق. ئۇ
دەرس لىكسىيىسىنى سوزلەۋاتقاندا، بىز
ئۇنىڭ تالانتىغا ھەيران قالاتتۇق.

..............................

مېنىڭ ئالدىمدا كۆلۈمسىرەپ تۇرغان
دىخان سۈپەت بۇ كىشى ئەينى يىللاردىكى
قەددى ـ قامەتلىك ئوقۇتقۇچىم مۇختەر ئىدى.
ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى نىمىشـ
كە شۇنچە تېز ئوزگىرىپ كەتكەندۇ؟
ئۇنىڭ بەدىنى نىمىشكە زەئىپلىشىپ قۇرۇق
ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغاندۇ؟

تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۇرلەپ چاقماق چاقـ
قاندەك بولدى ـ دە، تېنىم جۇغۇلداپ كەتـ
تى. شۇئان ئاتالمىش "مەدىنىيەت ئىنقىـ
لاۋى» دىكى دەھشەتلىك بىر ئىش كوز ئالـ
دىمغا كەلدى...

بىر كۈنى چۈش ۋاقتى بىلەن بىر تۇرـ
كۇم كىشىلەر پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇـ
چى ـ ئوقۇغۇچىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىستىـ
رۇي قىلىپ چىقتى ـ دە، ئارقىدىنلا مەكتەپ
بىناسى يېنىدىكى بىر ئەسكى ئويدىن ئىككى
قولى جەينىكىگىچە قارا سىيادا بويالغان،
بېشىغا ئىلاننىڭ سۈرىتى سىزىلغان ئىگىز
قالپاق كەيگۈزۈلگەن ئىككى كىشىنى نەيزە
تەڭلەپ يالاپ ئېلىپ كېلىشتى ۋە سەپنىڭ ئالـ
دىغا تىزىپ داقا ـ دۇمباق ساداسى ئىچىدە
كوچىغا سازايى قىلىشقا ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇلارنىڭ بىرسى مەكتىۋىمىزنىڭ مۇدىرى،
يەنە بىرى مۇختەر مۇئەللىم ئىدى. ھېلىقى
لار مەكتەپ مۇدىرىغا «كاپىتالىزىم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدار» دىگەن قالپاقنى كەيگۈزـ

(ئاخىرى 37 ـ بەتتە)

# شېئىرلار

## ئابدۇراخمان قاھار

### ١

### ئانار

«ئانار يۈزلۈك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان،
خۇددى چوغدەك يالقۇنلۇنۇپ يانار ئۇ.
شەرۋەتىنىڭ تەمى كەتمەس تىلىڭدىن،
نىمە دېگەن ئېسىل مىۋە ئانار بۇ.

شۇ ئانارنىڭ يېرىپ كۆرسەڭ پوستىنى،
قات ـ قېتىغا ياقۇتلارنى تىزغاندەك.
بىر ئاجايىپ ھېكمەت-ھۈنەر كۆرسەن،
ئۇستا رەسسام مېھىر قويۇپ سىزغاندەك.

ھويلىسىمۇ، ئېتىزىمۇ، بېغىمۇ،
ئانار ئىكەن ئانار يۈزلۈك قەشقەرنىڭ.
پەخىرلەندىم رازى بولۇپ ئەجرىگە،
شۇ ئانارنى يېتىشتۈرگەن باغۋەنىنىڭ.

### بىر يۇتۇم شەرۋەت

قەشقەر قىزى كۈلۈمسىرەپ ئانارنىڭ
تۇتتى ماڭا شەرۋىتىدىن بىر يۇتۇم.
ئىككى قوللاپ ئالدىم ئۇنى ۋە يۇتتۇم،
باشقىدىنلا ياشاردى بۇ يۈرۈكۈم.

ئىچتىم تالاي...
ھېچ دۈنيادا ئوخشىماس.
شۇ شەرۋەتنىڭ تاتىقى قالدى لىۋىمدە.
ياق ـ ياق، ساڭا ئېيتاي ئەندى راستىنى،
لىۋىمدىنمۇ ئوتتى ـ قالدى قەلبىمدە.

### راۋاپ ساداسى

قاچان كەلسەڭ بۇ يەرگە،
راۋاپ ئۇنى ياڭرايدۇ.
ئاڭا زوقمەن يۇرت ئەھلى،
قانماي ـ قانماي ئاڭلايدۇ.

كېپىنەكلەر ئوينايدۇ،
شۇ ساداغا تەڭكەشلەپ.
شۇ ساداغا جۈر بولۇر،
دەريالىرى ئوركەشلەپ.

ھەيران قالدىم شۇ سادا
ئاڭلانمىسا،
گوياكى؛
قولى ئىشقا بارمايدۇ،
مەيلى كىمنىڭ ھەتتاكى.
ئاڭلانمىسا شۇ سادا،
ئېچىلماسكەن چېچەكمۇ.

بەرمەس ئىكەن مىۋىسىن،
ئانار، بىھى، ياڭاقمۇ....

شۇ سادادا تۇغۇلۇپ،
شۇ سادادا ياشايدۇ.
سازغا ئامراق مۇنداق يۇرت،
باشقا يەردە بارمىدۇ؟

## دوپپا

ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلايتتىم،
"قولى گۈل" دېگەن سوزنى.
كوردۇم بۇگۇن قەشقەردە،
ھەقىقى قولى گۇل قىزنى.

گۇل چېكىپتۇ دوپپىغا،
باغدا چىمەن كۇلگەندەك.
قاماشتۇردى كوزۇمنى،
شوللار چېچىلغاندەك.

يېتىپتىغۇ ۋايىغا،
نەپىس سەنئەت شۇنچىلىك.
قايسى ئەلدە بار ئىكەن،
ھۇنەر دېگەن مۇنچىلىك.

دوپپا كوردۇم،
بۇ يۇرتنىڭ،
ھۇنەرگە ئىشقىنى كوردۇم.
ھۇنەرگە ئىشقىنى بەرگەن،
شۇ قىزنىڭ قەلبىنى كوردۇم.

✻✻✻✻✻✻✻✻✻✻

## رۇبائىلار

ئابدۇللا ساۋۇت

دوستلار شېير يازماقتۇر ئىشىم،
مەيلى ئاقسۇن بۇ يولدا يېشىم،
ئالقىشلىسا خەلقىم ئىشىمنى،
يېتەر بەختىم ئاسمانغا بېشىم.

×

بۇلبۇلمەن چىمەنلەر بەرگىدە يۇرگەن،
زىمىستان باھارنىڭ تەمىني كورگەن،
باھارىم گۇلىنى ياشناتماق ئۇچۇن،
گۇزەل تاڭ ۋەسلىدە ئوتبولۇپكۇيگەن.

×

بەخت كەلمەيدۇ جەۋرى-جاپاسىز،
شۇڭا بەختىنىڭ قەدرى باھاسىز،
كۇرەش بىلەن بەخت قوشگىنىزەك،
ئۇني سۇيمىسەڭ ئۇمۇ ۋاپاسىز.

كۈرەش دېمەكتۇر ھايات لەززىتى،
زەپەر - غەلىبە ئۇنىڭ زىننىتى.
غالىپلارغا ئاچىدۇ قۇچاق،
گۈزەل بەخت-ۋىسال جەننىتى.

×

ئەل غېمى ھەر قاچان تۇرسا بېشىڭدا،
خەلقمۇ يار - يۆلەك سېنىڭ قېشىڭدا.
خەلقتىن بىر مىنۇت ئايرىلساڭ ئەگەر،
دەريالار ھاسىلدۇر ئاققان يېشىڭدا.

×

ئىنسانىنىڭ غۇرۇرى - شۆھرىتى ئەخلاق،
ئابرۇيى - ھۆرمىتى، ئىززىتى ئەخلاق.
ئەدەپسىز كىشىدە ۋىجدان نە قىلسۇن،
ۋىجدانىنىڭ يېڭىلمەس قۇدرىتى ئەخلاق.

×

ياشالماس ھاياتلىق ھاۋا بولمىسا،
كېسەللەر ساقايماس داۋا بولمىسا،
ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى قالىچىلىك،
ۋىجدان ۋە ئار-نومۇس-ھايا بولمىسا.

×

دەشتى-چۆل باغ بولۇر ھالال مېھنەتتىن،
مېۋىسى تەم ئالۇر شېكەر-شەربەتتىن.
يىگەنلەر ماختىسۇن سېنى ئەي باغۋەن،
يىراق بول ماختىنىش، كىبرى، مىننەتتىن.

❀❀❀❀❀❀❀❀❀

# ئىككى شېئىر

ئەمەتجان قېيۇم

## شەرەپ ۋە نومۇس

قەدىر - قىممەت كىرمەس بازارغا،
شاڭدىيەنگە ئۇ تىزىلماس مالدەك.
سېنى رۇشەن كۆرسىتىپ تۇرار،
شەرەپ، نومۇس-بۇ ئىككى ئەينەك.

كىمكى ئەگەر نەپسىنى ئوۋلاپ،
يۈرسە دائىم پۈرسەت قوغلۇشۇپ.
ياقىسىدىن ئالار ئۇنىڭكى،
نەگە بارسا پۈرسەت قوغلۇشۇپ.

كىمكى كۈيسە ئەلنىڭ ئىشىغا -
جان دىلىدىن، بەختى جاھان شۇ.
شەرەپ كۈلۈپ باقىدۇ ئاڭا،
قايدا بولسا يولى راۋان شۇ.

ھەر ئىشنىڭ بار كېلەر مەنبەئى،
ئاخىرىدا مۇكاپات، جازا.
ئۆلمەس زادى شەرەپلىك ئۆمۈر،
نومۇس ئۆمۈر تاپىدۇ قازا.

## شاتلان يۈرەك

شاتلان يۈرەك كۈلۈپ قايتا،
جاراڭلىدى ناخشا - سازىڭ.
تاپتىڭ ئۇسۇل سەيلانىڭنى،
سولماس ئەمدى باھار- يازىڭ.

بالقىپ قۇياش توكتى شولا،
سەلتەنەتىگە، مىراسىغا.
يېتىشتۈردى گۈزەل دەۋران،
يېڭى ئىمكان - مىرادىغا.
زۇمرەت ئاسمان مۈشكى-ئەنبار،
زېمىن رەڭدار گۈلگە تولغان.

مەشرەپ - ساما شاتلىغىغا،
تار كېلىدۇ كەڭرى جاھان.
شاتلان يۈرەك! چىقسۇن ئەستىن،
ناخشا - سازسىز ئۆتكەن كۈنلەر.
مىڭ زەربەدىن تاپان يېرىق،
ئۇ ئۇسۇلسىز مۇڭلۇق تۈنلەر.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇللا ياقۇپ

## شائىر دوستۇمغا

شائىر دوستۇم نەزمەڭنى ئوقۇپ،
ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى شاتلىق.
ئەشۇ نەزمەڭ لەززىتى ماڭا،
ھەسەلدىنمۇ تۈيۇلدى تاتلىق.

بەردى نەزمەڭ ئىلھام، زوق ماڭا،
ھاياجانغا چومدى رۇخسارىم.
تەڭكەش بولۇپ ئوتلۇق نەزمەڭگە،
جاراڭلىدى ياڭراق دۇتارىم.

يۈرۈگۈمنى ئوخشاتسام خۇددى،
قاغجىرىغان بىياۋان چۆلگە.
كەۋسەر ئوخشاش قۇيۇلۇپ نەزمەڭ،
ئۇنى پەۋەس پۈركەدى گۈلگە.

قولۋاق دىسەم نەزمەڭنى سېنىڭ،
قەلبىم بولدى سۆيگۈ دەرياسى.
نەزمەڭنى مەن باغ دىسەم ئۇندا -
ئارزۇيۇمنىڭ كۈلدى رەناسى.

بەردى نەزمەڭ كۈچ-قۇۋۋەت ماڭا،
شىجائەتنىڭ چومدۇم ئەۋجىگە.
ئۇچقۇر قانات بولدى ئۇ يەنە،
كوتىرىلدىم كوكنىڭ قەرىگە.

يازغىن دوستۇم بوستانىمنى ياز،
ياشناۋاتقان گۈلزارىمنى ياز.
قايناۋاتقان چېلىش سېپىدە،
ئورلەۋاتقان تۇلپارىمنى ياز.

## گۈل

گۈلخۇمارمەن، گۈلگە ئامراقمەن،
گۈلگە مەھكەم چىگىلگەن رىشتىم.

گۈل ئېچىلسا شاتلىغىم قايناپ،
خۇددى گۈلدەك رەڭ ئالار شېئىرىم.

گۈل ئېچىلسا قوشۇلار ھوسۇن،
تەبىئەتنىڭ قۇچاقلىرىغا.
قىزلار كۈلۈپ ئوينىشار ئۈزىۈل،
قىسىپ گۈلنى قۇلاقلىرىغا.

گۈل ئېچىلسا مەس بولۇپ بۇلبۇل،
گۈل شېخىدا چالار سازىنى.

گۈل ئېچىلسا قۇچىدۇ شاتلىق،
ياشناۋاتقان ھايات يازىنى.

دوستلار بۇگۈن يېڭى دەۋرىمدە،
گۈلدەك ياشناپ ئېچىلدى بەختىم.
شاتلىنالتتىم تاقىسا زىننەت،
ۋەتىنىمگە گۈل بولۇپ ئەجرىم.

⁂

## تەنقىت

### ئوبۇلھاشىم قاسىم

تېپىلماس دورا ـ دەرماندۇر كىشىلەرگە گويا تەنقىت،
ئۈنىڭدىن سەنمۇ ئايرىلما ۋە بەرگىن ھەم ماگا تەنقىت.

ئۆزەڭنى ساق ـ غۇبارسىز دەپ تەمەننا قىلمىغىن زىنھار،
كورۇنمەس داغنى كورسەتكەي بولۇپ ئەينەك ساگا تەنقىت.

ئۆزۈڭنى چاغلىساڭ پالۋان يۈزۈڭ ـ قەلبىڭ بولۇر مەينەت،
يۇيۇپ پاكىزلىمەككە پايدىلىق ھەر دائىما تەنقىت.

يېتىپ سەن ئۆڭدا پۇت ئالماپ، دىمە ئاغزىمغا چۈش ئۈزمە،
سېنىڭ ياتماغىنىڭ نەسلىك، بۇ نەسلىككە داۋا تەنقىت.

كوزۈڭگە ئىلىنماسلىق بولماس، خاتالىقنى كىچىك ئىش دەپ،
بولۇر ئۈچقۇنى چوڭ يانغىن ئالدىن ئالمىسا تەنقىت.

خاتالىقسىز كىشى بولماس، ئەگەر بولسا تۈزەت دەرھال،
قىلۇر قەدرىڭنى ئەل ئىچرە ئەجەپمۇ بىباھا تەنقىت.

تۈزەت مۇندىن كېيىن ئەيىبىڭ يوشۇرماستىن تولۇق ئەيتاي،
گېلىڭنى يىغ، قولۇڭنى تارت، كېمەللەرگە شىپا تەنقىت.

# چىمەت ئاخۇننىڭ قوشاقلىرى

چىمەت ئاخۇن يېڭىسار ناھىيە سوگەت گۇڭشېسىنىڭ تۆغچى يېزىسىدىن بولۇپ، ياشلىق ئۆمرى كىشىلەر ئىشىگىدە خار - زارلىقتا ئۆتكەن. ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى ھەم تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى كوپلىگەن قوشاقلارنى يارىتىپ، سوزمەنلىك، قىزىقچىلىق خىسلەتلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ كوڭۈل - قارىنىنى ئېچىپ كەلگەن.

چىمەت ئاكا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاك خاتىرىسى كىشىلەر قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

- تەھرىردىن

(1)

قازى بولسا، ئادىل بولسا ئورۇق بولسىمۇ،
كەيگەن ئاياغ ئاغرىتمىسا، چورۇق بولسىمۇ.

خوتۇن ئالساڭ ئىشچاننى ئال، سەت بولسىمۇ،
ئاشلىق ئالساڭ بۇغداينى ئال، قىممەت بولسىمۇ.

يول ماڭساڭ چوڭ يولدا ماڭ يىراق بولسىمۇ،
ئوت - ساماننى جىق يىغىۋال قىشلىق بولسىمۇ.

ئوغۇت يىغساڭ گەندە يىغ، ئاز بولسىمۇ،
مەدىكارنىڭ كېچىكىنى ئال، تاز بولسىمۇ.

ئوي سالساڭ دوڭگە سال، چەللە بولسىمۇ،
يەر ئالساڭ ئويدىن ئال، مەللە① بولسىمۇ.

① مەللە - سېرىق تۇپا دېگەن مەنىدە.

ھاشاغا بارساڭ ساز ئېلىۋال، ناغرا بولىسمۇ،
خوجۇنىڭنى توشقۇزىۋال، زاغرا بولسىمۇ.

مۇساپىرچىلىق يامان ئىكەن بىر كۈن بولىسمۇ،
قەرزدارچىلىق يامان ئىكەن بىر پۇڭ بولىسمۇ.

(2)

كويۇنمىگەن تۇققاندىن تونۇشمىغان خەخ ياخشى،
ئۇن تەڭگە نىسى پۇلدىن بىر تەڭگە نەخ ياخشى.

ئۇن ئېغىز كاپ ـ كاپتىن، بىر ئېغىز چىپچاپ ① ياخشى،
ئەسقاتمىغان زەخمەتتىن بىر دانە زەيتاپ ②ياخشى.

(ئۇن بەش كۈن ئىش قىلسام باي غوجام رەخمەت بەردى،
قوساق ئاچ كېتىپ بارسام ساراچام زەيتاپ بەردى.

بىر نان بەرسىلە جان ئۇستام رەخمەتنى بىرەي دىسەم،
ناۋاي ئۇستام ھومايدى.

زەيتاپنى ئېلىپ بەرسەم خوشال بولۇپ نان بەردى،
مەن شۇنىڭدىن بىلدىمكى ئۇنبەش كۈنلۈك رەخمەتتىن-
بىر دانە زەيتاپ ياخشى)

(3)

كېتىپ بارسام ۋاقىرايدۇ ئىگىز تاغلىق،
تاغ باغرىدا ھەيدىۋاپتۇ بەشيۈز ساغلىق.

كىتەشىمدە يادلانمايدۇ بىر نان چاغلىق،
كەلگىنىمدە تاما قىلۇر چاسا ياغلىق.

سېنى تەڭ كورمىسە ئاغىنەم دىمە،
مىننەت قىلغان نەرسىنى ھەرگىزمۇ يىمە.

تەڭ تۇشۇڭ نان تۇتسا يىمەيمەن دىمە؛
ئېلىپ قوينۇڭغا سال يىمەيمەن دىمە.

① چىپچاپ ـ ياغ.
③ زەيتاپ ـ ئاتقۇچىنىڭ ئەسۋابى.

# داغ

(ھكايە)

ھۇسۇيۇن تالىپ

ئۇنى مەن قارا كورپە تۇماق،قارا چىـ
پەرقۇتتىن تىكىلگەن ئۇزۇن پەشلىك تون
چاپان كەيگەن ھالدا ئۇچراتتىم ... جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ غەرىپ تەرىپىدىكى يېزا كادىر-
لىرى شۇ تەخلىتتە كىيىنەتتى.
مەن ئۇنى يىراقتىن كوردۇم، ئۇ ھارۋىغا
قوشۇلغان قارا ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى گاھ
سىلكىپ،گاھ تارتىپ قوياتتى.مەن كوز قىـ
رىمدا قاراپ قوياتتىم.ئۇ ماڭا يېقىنلاپ
كېلىپ بىردىنلا ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر-
دىنلا قاتتىق سىرىپ ھارۋىنى ئاستىلاتتى.
مەن ۋېلىسىپىتىمنى ھارۋىدىن قاچۇرۇپ
يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بۇرىدىم.ئېشەك ھار-
ۋىسىمۇ مەن تەرەپكە توغرىلاندى-دە، يولۇمـ
نى توستى.ئاچچىغىم كېلىپ ئۇنىڭغا ھومايـ
دىم.ھا،ھا،ھا ... دىگەن كۈلكە ئاۋازى مېنى
چۈچىتىۋەتتى:

— يول بولسۇن ئاداش؟!

مەن ھارۋىدىكى كىشىنى تونۇدۇم.ئۇ بىر
يىلدىن بىرى كورۇشەلمىگەن ئۇلپىتىم ئاـ
يۇپ ئىدى.دىخان ئاغىنەمنى يوقلاپ كېـ
لەي،دەپ يۇرگۇنۇمگە بىر يىلدىن ئېشىپ
كەتكەن ئىدى.توخۇلىرىم كاككلاپ چۈجە بولـ
دى،قويلىرىم قوزىلاپ قوي بولدى.شۇ ئىشـ
لار بىلەن بەنت بولۇپ ئايۇپنى يوقلاپ باـ
رالمىغان ئىدىم.شۇ ئىشلاردىن بولسا كېـ
رەك، ئۇمەندىن رەنجىپ يۇرەتتى.نىمە بولـ
سا بولسۇن، ئۇنى يوقلاپ كىلەي دەپ يولـ
غا چىققىنىمدا ، ئۇشتۇمـتۇت ئۇنىڭ بىلەن
ئۇچرۇشۇپ قىلىشنى ئويلىمىغان ئىدىم.
-ئايۇپمۇ سەن؟ -دىدىم ئۇنىڭ بىلەن
قەدىناسلارچە كورۇشۇپ،-سېنى تونۇيالماي
قاپتىمەن،شۇ تۇرقىڭدا ساۋۇت چىپەرقۇتـقا
ئوخشاپ قاپسەن.
-چىپەرقۇت كەيمەيمۇ شۇنچە يىللار ئوـ
تۇپ كەتتى.بۇكۇن، بۇئايلار تۇرمۇشىمىز
ياخشىلاندى. ئەمدى كەيمەي قاچان كىيىمىز؟!
ئۇ، شۇنداق دىدى-دە، كىچىك بالىدەك
تىلىنى چىقىرىپ ئاستى كالپۇكىنى يالىدى.
ھاۋا تىنجىق ئىدى،ئىككىمىز ئېرىق بوـ
يىغا كېلىپ ئولتۇردۇق،ئېرىقتىكى سۇزۇك
سۇ ئويناقشىپ ئاقاتتى.مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ
كەلگەن بىرسوۋەت ئۇزۇمنى ئالدىغا قويـ
دۇم.سوۋەتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇزۇمدىن
بىرساپاق ئالدىم.
-قېنى، ئۇزۇم يىگەچ ئولتار.
-ئۇزۇم يىيەلمەيمەن.
-نىمىشقا يىيەلمەيسەن؟
-ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىنى ئاغزىمغا ئاـ
لالمايمەن.

مەن ئۇنىڭ ئىغىز-بۇرۇنلىرىغا سەپ
سالدىم.ئۇ بايىقىدەك تىلىنى چىقىرىپ
ئاستى كالپۇكىنى باستى:

-كالپۇكۇمدا داغ پەيدا بولۇپ قالدى،
ئىلگىرى قاناپلا تۇراتتى.دوختۇرغا كورۇنـ
گەندىن كېيىن قاناش توختىدى. ئاچچىقـ
چۇچۇك نەرسىنى ئاغزىمغا ئالالمايمەن،
نە ئاغرىسا،جان شۇ يەردە دىگەندەك،ئاق
قوناقتەك بۇداغ مېنى تولىمۇ ئازاپلىدى.

مەن سوۋەتتىكى ئۇزۇمنى قايتىدىن ۋېـ
لىسىپىتكە تېڭىپ ئايۇپتىن سورۇدۇم:

_ نەگە ماڭغان ئىدىڭ؟

_ سېنىڭ ئويۇڭگە مېهمان بولۇشقا.

_مەنمۇ خۇددى شۇنداق نىيەتتەسېنىڭ
ئويۇڭگە كېتىۋاتاتتىم.

-بۇ دورەم مېنىڭ ئويۇمگە بېرىشنى
قوي.كۇتتۇم،يولۇڭغا قارىدىم،كەلمىدىڭ.
مەن ئەمدى سېنىڭ ئويۇڭگە بېرىشىم كېـ
رەك.ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس،
«ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،ئالتۇن قاـ
چىدا سۇ ئىچەرسەن»-ئارقاڭغا قايتقىن.

ئايۇپ بىردىنلا كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن
سوزلەپ كەتتى.مەن ئۇنىڭسوزىدەمەلۇمسىر
بارلىغىنى سېزىپ،لام-جىم دىمىدىم،ئەمما
ئوز ئويۇمگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

كۇن چۇشكە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى،
هىلىدىن بىرى بېلى تالغان ئېشەك يولغا
چۇشۇپلا شامالدەك يۇرۇپ كەتتى.

ئايۇپ بىلەن ئىككىمىز بىر دىمەتلىك
ئىدۇق.ئۇنىڭ ئويى يېزىنىڭ غەرپ تەرىـ
پىدە،مېنىڭ ئويۇم شەرق تەرىپىدە ئىدى.
ئېسىمدە قېلىشىچە،ئۇنىڭ دادىسى ماڭسۇر
ئاكا ئوغلىنى يارامىلىق چېلىشچى قىلىپ
تەربىيىلىگەن.10 ياشلىق ئايۇپنى تېكىگە
قۇم توشقۇزۇپ مۇشلاتقۇزغان.ئايۇپ چوڭ
ئۇستىخانلىق،گىرۇي بولۇپ ئوسكەچكە ئۇـ
نىڭدا بىر ئوكوزنىڭ كۇچىبارديېشكە بوـ
لاتتى.يېزا ياشلىرى ئۇنىڭدىن پەخىرلىـ
نەتتى.ئۇ 18 ياش ۋاقتىدا ئالقىنىدا ياڭاق
چاقالايتتى.21 يېشىدا بورىنى مۇشلاپ ئولـ
تۇرگەن ئىدى.

-ئاداش گەپ قىلغاچ ماڭ،-دىدى ئايۇپ
مەن ئۇنىڭ هارۋىسىغا يېقىنلاشقاندا.

-مەن نىمە دەيمەن،ئوزۇڭ گەپ قىلغاچ
ماڭ،دىدىم مەن ئېسىمنى يىغىپ.

-گەپ قىلساق گەپ تولا،-دىدى ئۇ.

كوزۇم لاپپىدە هارۋىغا چۇشتى.هارۋا
ئۇستىدە نىمىدۇر تىكمە قاچىلانغان يېڭى
تاغار بويىغا ياتقۇزۇلۇپ،ئۇستىگە كوك بېـ
دە تاشلاپ قويۇلغان ئىدى.

-تاغاردىكى نىمە ئۇ؟

-بۇغداي.

-تۇگمەنگە بارىدىكەنسەن-دە،تېخى؟

ئۇ گەپ-سوز قىلمىدى.ئوينىڭ ئالدىغا
كېلىپ هارۋىسىنى توختاتتى،هارۋىدىكى تاـ
غارنى تىكلەپ دۇمبىچىلەپ كوتەردى.

_ ئىشىكنى ئاچ!

مەن ئىشىكنى ئېچىپ هويلا سۇپىسىدىـ
كى نەرسىلەرنى نېرى-بېرى قىلىپ بىكارـ
لىدىم.ئايۇپ تاغارنى سۇپا ئۇستىدە قويـ
ماستىن،ئىچكەركى ئويگە ئېلىپ ماڭدى.

مەن هارۋىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ ئۇلـ
پىتىم ئالدىغا داسقان سالدىم.

-چارۋا-پايلىرىڭ نەچچىگە يەتتى؟-دەپ
سورىدى ئايۇپ چىنىدىكى قېتىقنى بىر ئالـ
ماشلاپ ئالغاندىن كېيىن.

-سوراپ قالدىڭغۇ؟چارۋا-پايلىرىم ئوـ
زۇمگە يېتىدۇ.

_ زادى نەچچە؟

مەن قەستەن جاۋاپ بەرمىدىم.ئۇ بويۇن

تومۇرلىرى كوپكەن هالىدا چوڭ ئاۋاز بىـ
لەن سوزلەيتتى:

ـمەندىن يوشۇرامسەن تېخى،چارۋا دىـ
خانىنىڭ جېنى تۇرسا،بىلىپقوي، مېنى ئاـ
يۇپ داغ دەپ ئاتاشسمۇ ئۇزپېشانەتېرىم،
چارۋام بىلەن ئۇگشلىپ قالدىم.مېنى هېچـ
كىم سويغان پىياز دىيەلمەيدۇ،پەقەت مۇشۇ
كاساپەتنىڭ سەۋىۋىدىن،ـئايۇپ ئوڭ قولىـ
نىڭ غوجى مالتىغى بىلەن ئاستى كالپۇـ
گىدىكى داغنى ئىما قىلدى،ـئىسمىمغا داغ
قوشۇلۇپ قالدى.

مەن يا ئەجەپلەنگەنلىگىمنى،يا هەيران
بولغانلىغىمنى بىلمەي قالدىم،پەقەت بەـ
زى ئىشلار كوز ئالدىمغا كەلدى...

ئايۇپ22يېشىدا توي قىلدى،ئۇ يېزا بوـ
يىچە كىچىك توي قىلغانلارنىڭ بىرى ئىـ
دى،ئۇ توي قىلىپ بىر-ئىككى يىلنى سېـ
رىقتال ئوتكۇزدى.

ـبۇ ئاي،بۇ كۇنلەردە تۇرمۇشىمىز ياخـ
شىراق بولمايدىغان ئوخشايدۇ،دىدى ئايىـ
لى ئانارخان خۇما كوزلىرىنى تىكىپ.

ـمەنمۇ شۇ ئويدا،بىر-ئىككى يىل باش
چوكۇرۇپ ئىشلىسەك،قولىمىز پۇل كورسە،
باشقىچە ئىش تۇتاتتۇق.

ـقانداق باشقىچە ئىش تۇتىمىز؟

ـكۇندۇزى دارامەتكە ئىشلىسەك،كېچىسى
كىگىز ئەتسەك ئەهۋالىمىز ياخشى بولۇپ
قالاتتى.

ـئىشلەيلى!ـدىدى ئانارخان ئالتۇن تېـ
پىۋالغاندەك خوشال بولۇپ،ـئىشلىسەكلا
تەخسىماتتا كوپرەك دارامەتكە ئىگە بولىـ
مىز.

شۇ يىلى قارا قىشتا ئايۇپ 100 يۇەن
تەخسىمات پۇلى ئالدى ۋە ئۇ پۇلغا يۇڭ
سېتىۋالدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى چىراغ

يورىغىدا كىگىز ئېتىپ،بازار كۇنلىرى كىـ
گىزسا تىدىغان بولدى.كېيىنكى هەپتىلىرى
تاشقى سودىنىڭ كىگىزلىرىنى ئېتىپ بېرىشـ
كە دوگۋارلىشىپ،بىر يولىلا ئىقتىسادى كوـ
تىرىلىپ قالدى.

شۇ كۇنلەردە ئايۇپ كېتىۋېتىپ ئۇسسىـ
غاندەك هالەتكە چۈشۈپ قالدى.يېزا كادىـ
رى مۇسا ئايۇپقا ئاچچىق تەنە قىلىپ:

ـسەن كۇندۇزى سوتسىيالىزىم بىلەن،كېـ
چىسى كاپىتالىزىم بىلەن شۇغۇللىنىۋا تىـ
سەن،هۇشۇڭنى تېپىۋال! ـدىدى.

ئەتىسى ئوي ئاختۇرۇلدى.ئايۇپنىڭ ئوـ
يىدىكى يۇڭلىرى،پۇتكەن كىگىزلىرى «مۇـ
سادىرە»قىلىندى.ئايۇپ كىگىزچىلىكنى
تاشلاپ،يەنىلا كەتمەن بىلەن شۇغۇللىنىشـ
قا باشلىدى...

يىللار ئوتتى،مەن ئون يىلغا يېقىن
يۇرتتىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۇردۇم.
كېيىن يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، ئايۇپنىڭ
يولىمىز 2قېتىم«قىرقىش»ۋەقەسىگە ئۇچرىـ
غانلىغىنى ئاڭلىدىم.ئۇنىڭ كات-قازناقـ
لىرى ئاشلىقتىن قۇرۇغدۇلۇپ،ئېغىل-قوـ
تانلىرى چولىرەپ قالغان ئىكەن.

ئايۇپ شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاستى كالـ
پۇگىنى چىشىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ چىشـ
لەپلا يۇرۇيدىكەن.

مەن قىشنىڭ ئاچچىق كۇنلىرىنىڭ بىـ
رىدە ئۇنى يوقلاپ ئويىگە كەلگەن ئىدىم.
ئويىدىن بوران ئۇچاتتى.ئايۇپ كولۇڭدا
پىلدىرلاپ تۇرغان سامانىنىڭ قوقىسىغا مەيـ
دىسىنى قاخلاپ ئولتۇراتتى.ئۇ مېنى كوـ
رۇپ سەل مىدىرلاپ قويدى.ئاستى كالپۇگى
يەنىلا چىشىنىڭ ئارىلىغىدا ئىدى.

ـئەهۋالىڭ قانداقراق؟ـ دەپسورىدىم،ـ
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ. ئۇ بېشىنى

(ئاخىرى 55ـ بەتتە)

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

## ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىق نامە» ئەسىرى ھەققىدە

مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

ئۇلۇغ ئالىم مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى 1715 ـ يىلى ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىشىلەر تەرىپىدىن «سىدىق نامە» دەپ ئىسىم قويۇلغان دىداكتىكىلىق ئەسىرىنى شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ ھاكىمى مەھەممەت ئىبراھىم بەگ كىپەك بەگ ئوغلىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ياردىمى بىلەن 1785 ـ يىلى يېزىشقا كىرىشىپ، 3 يىل ئىچىدە، يەنى 1787 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان.

ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەپسىلىي ماتىرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت ئەسلى قول يازمىنىڭ كىرىش سۆزىدىكى بەزى خاتىرىلەر بىزنى ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، مەقسىدى، كىم تەرىپىدىن تەشەببۇس ۋە ياردەم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ناھايىتى ئاددىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالىم ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق بىر كۇبلېت شېئىرنى يازغان:

يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە كورەشتىم تاغ ئىلە،
قازدىم بەھرى يەتكەي دەپ تاغنى تىرناقىم ئىلە.

يۇقۇرقى بىر كۇبلېت شېئىردىن ئالىمنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ـ يەتمىش بەش ياشقا كىرگەندە يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى چۈشەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى تىرناق بىلەن تاغ كولىغاندەك جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ مۇشەققەتلىك ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئالىمنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى بەزى مالۇماتلارغا قارىغاندا، ئاددىي خەلق ئاممىسى ئىچىدىن باي ماتىرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق مۇشۇ كەڭ زېمىنلارنى سەير ـ ساياھەت قىلىپ ئىزدەنگەن. ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە خەلق ئىچىدىن قىممەتلىك ئىلمىي ماتىرىياللارنى توپلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئالىم، ئەدىپ، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تەدقىق قىلغان. جۈملىدىن 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋە شمەگىرنىڭ ئۆز ئوغلى گىلان شاھغا قارىتىپ ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتى تەرىقىسىدە يازغان «قابۇس نامە» ئەسىرىنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ تەدقىق قىلغان. ئالىم «سىدىق نامە» ئەسىرىنى يېزىشتا ئۇسلۇپ جەھەتتىن «قابۇس نامە» نى ئۆرنەك قىلغان.

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى يېتىشكەن تالانتلىق ئالىم، ئەرەپ پارىس تىللىرىنىڭ نادىر ئۈستىلىرىدىن بولۇشىغا قارىماي، ئالىم ياشىغان دەۋردە ئومۇمى يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ قالغان ئەسەرنى ئەرەپ ياكى پارىس تىلىدا يېزىش قائىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ئالىمى خاسقا بەھرى يەتكۈزمەك ئۈچۈن، بۇ دىيارنىڭ خەلقى ئەلپازى تۈرك بىلەن سوزلەشكەچكە، مەن بۇ ئەسىرىمنى تۈرك لەپزىدە يازدىم.» بۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىدى پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ. نام ـ شوھرەت قازىنىشنى ۋە ئۆز تالانتىنى كوز ـ كوز قىلىشنى خالىماي، پەقەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتقانلىقتەك ئالى پەزىلىتى، خەلقچىل روھقا باي مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى ناھايىتى روشەن كورگىلى بولىدۇ.

«سىدىق نامە» مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ دىداكتىكىلىق ئەسەر بولۇپ 44 باپتىن تۈزۈلگەن. ئالىم ئۆزىمۇ «بۇ كىتاپنى قىرىق تۆت باب بىلەن بەنا قىلدىم» دەيدۇ.

«سىدىق نامە» دە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئومۇمى ئىجتىمائى ئەخلاق ئولچەملىرىنى مۇكەممەل ۋە تەپسىلى چۈشەندۈرگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانىپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، قەھرىمانلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىككە ئوخشاش مىللىتىمىزنىڭ ئىسىل ئەخلاق پەزىلەت ئولچەملىرى سوزلىنىپلا قالماي، بەلكى مىللى ئورپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، ھەتتا قانۇن ـ تۈزۈملەر ھەققىدىمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلىنىدۇ.

"5 نى تەكتلەش،،"4 تە گۈزەل بولۇش،، مەزمۇن قىلىنغان كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش جىددى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھازىرقى پەيتتە «سىدىق نامە» نىڭ مەزمۇنىنى كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇرۇش رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا تۆۋەندە «سىدىق نامە» نىڭ 5ـ، 6 ـ بابىنى تونۇشتۇرىمىز:

## 5 - باپ ، ئاتا - ئانانىڭ ھەققىنى بىلمەكنىڭ بايانى

ئاتا ـ ئانانىڭ ئەڭ ئاددى ھەققى ئۇشبۇدۇر كىم ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ۋاستە بولۇشى بىلەن،سەن دۇنياغا تۇغۇلدۇڭ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئاناڭنى ھەمىشە ھورمەت قىل ۋە ئۇنى ئۇلۇغ بىل. ئاتا،ئاناڭ سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن پەرۋىرىش قىلىپ چوڭ قىلدى . ياخشى ئىش ، ياخشى كەسىپلەرنى ئۈگەتتى. مۇنىڭدىن كېيىنمۇ سېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيدۇ .

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كوڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمە ۋە رەنجىتمە . سەن ئۇلارنى رەنجىتسەڭ بۇ دۇنيادا پۈتۈن ئىنسان ساڭا نەپرەت ياغدۇرىدۇر ...... مېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ۋە ئوبدان ئادەم بولالىشىم ئاتا ـ ئانامنىڭ سەۋىيى ۋە تەربىيەت قىلىشىدىن بولغان دەپ تونۇغىل . ئاتا ـ ئاناڭنى ھەرگىز پەس كورمە ۋە كەمسىتمە . ئۇلارنى پەس كورۇپ ھورمەت

قىلمىساڭ، سېنىمۇ ھەرگىز ياخشى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ . ئاتا - ئانا دەرەخنىڭ غولىغا، بالا - دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ . شاخ غولىنىڭ قەدرىنى بىلمىسە ، شاخنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ . ياكى ئاتا - ئانانى مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشۇتۇش مۇمكىن. مېۋىلىك دەرەخنىڭ تەربىيەتى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ مېۋىسى ھەم كوپ ، ھەم يوغان،ھەم شېرىن بولىدۇ .

ئاتا - ئاناڭدىن ساڭا قالىدىغان مىراسقا-پۇل ۋە مالغا تېزرەك ئىگە بولۇشنى نىيەت قىلىپ ، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئولۇمىنى تىلىمىگىل. بۇنداق يامان نىيەت بىلەن قولۇڭغا كىر-گەن بايلىق ھەرگىز ساڭا بەخت كەلتۇرمەيدۇ . بەلكى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىلىپ بارىدۇ .

ھەر كۇنى سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئوزۇڭدىن تووەن ، ھال - ئوقتى سېنىڭدىن ناچار كىشىلەرگە نەزەر سالغىل ، شۇ چاغدا ئوز ھالىڭدىن رازى ۋە خۇشھال بولۇسەن .

پۇل - مالنىڭ يوقلىقىدىن كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئەقىل - پاراسەت، غەيرەتكە باي بولغىل. سېنىڭدە ئەقىل - پاراسەت، غەيرەتنىڭ بولۇشى پۇل - مالنىڭ بولۇشىدىن كوپ ئەبزەلدۇر. چۇنكى ئەقىل - پاراسەت ، غەيرەت بولسىلا، پۇل-مالنى تاپقىلى بولىدۇ . پۇل - مال بىلەن ئەقىل - پاراسەتنى تاپقىلى بولمايدۇ . پۇل-مال كوپ بولۇپ ، ئەقىل - پاراسەت بولمىسا، پات پۇرسەتتە مۇھتاج ۋە گاداي بولىدۇ . ئەقىل - پاراسەتنى ئوغرى ئالالمايدۇ ، ئوت كويدۇرەلمەيدۇ ، سۇ ئاقتۇرالمايدۇ .

## 6 - باپ ، ھۇنەرنىڭ گەۋھەردىن زىيادەلىگىنىڭ بايانى

گەۋھەرلىرىڭنىڭ كوپلىگىدىن ھونىرىڭنىڭ كوپ بولۇشى ياخشىدۇر . ھونەرسىز كىشى خۇددى ياپراقسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ غولى شېخى بولغان بىلەن سايىسى بولمايدۇر. ھۇنەرسىز كىشى قانچە ئالى نەسەپلىك ئىسىلزادە بولغىنى بىلەن خالايىق ئارىسىدا ھور-مەتكە ئىگە بولالمايدۇر . شەرەپ-ئەقىل بىلەن ھۇنەردىن ، ئۇلۇغلۇق - ئىلىم بىلەن پارا-سەتتىن ھاسىل بولىدۇ . بايلىق بىلەن نەسەپتىن ياكى داغدۇغىلىق ئىسىمدىن ھاسىل بول-مايدۇ . ئاتا - ئاناڭ ساڭا ئۇلۇق ۋە ئاتاغلىق كىشىلەرنىڭ ناملىرىغا ئوخشۇتۇپ ھەشە-مەتلىك ئىسىملەرنى قويسىمۇ،ئۇنىڭدىن ساڭا قىلچە ياخشىلىق كەلمەيدۇ . ئۇ ئىسىم سېنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇش ، كىشىلەر ئارىسىدىن سېنى چاقىرىشنىڭ ئالامىتى - نىشانىسى بولالايدۇ،خالاس .

ھەممە ھۇنەرلەرنىڭ ياخشىراقى ھەم بىرىنچىسى - ياخشى سوزلەشنى ئوگىنىشتۇر . ئىنسان ھەممە مەخلۇقاتتىن ياخشى ۋە ئۇستۇن تۇرىدۇ . ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى - 10 تۇرلۇك بولىدۇ . ئۇنىڭ بەشى ئىنساننىڭ ئىچىدە ، بەشى ئىنساننىڭ تېشىدا بولىدۇ . ئىچىدىكىسى سوز سوزلىمەك ، ئوگەنمەك ، ئېھتىياتكار بولماق ، ئەستە ساقلىماق ، خىيال ۋە تەپەككۇر قىلماق . تېشىدىكىسى - ئاڭلىماق ، كورمەك ، پۇرىماق ، سىلىماق ، ئېيتماق. شۇ سەۋەپتىن ئىنسان - پۇتۇن ھايۋاندىن ئۇلۇغراقدۇر .

تىلىڭنى ياخشى سوزنى سوزلەشكە ئادەتلەندۇرگىل ، تىلىڭ قايسى سوزنى سوزلەشكە ئادەتلەنسە ، ھەمىشە شۇ سوزنى ئەيتىدۇ . ياخشى سوز ئىلىم ۋە ھۇنەرنىڭ زىيادىلىگىنىڭ

ئالامىتىدۇر . سۆز كۆپ سۆزلىنىۋاتقان ئورۇندا ، سەن سۆزلىمەي خاموشلۇقنى ئىختىيار قىلغىن . پايدىسى يوق سۆز ھەممە ۋاقىت زىيانلىقدۇر . ھەر قانداق سۆزدە ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ ئەسىرى بولمىسا ئۇنداق سۆزنى سۆزلىمىگەن ياخشىراقدۇر .

ھەرگىزمۇ باشقىلار سەندىن سورىمىغان سۆزنى ئەيتمىغايسەن . ئېھتىياتسىزلىق بىلەن سۆز سۆزلىمەكدىن پەرھىز قىلغىن . سەندىن باشقىلار سۆز سورىسا، راست ئەيتقىن . خالىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلمىغىن،كىشىگە خالايىق ئارىسىدا نەسىھەت قىلىشتىن ساقلانغىن . ئاشكارە قىلىنغان نەسىھەت خۇددى تاشقا مۇش ئاتقاندەك بولىدۇ.

بىر دەرەخ ئەگرى ئۆنۈپ ، شاخ ۋە يوپۇرماق چىقارغان بولسا، ئۇنى تۈز ئۆسدىغان قىلىشنىڭ چارىسى كەسمەك ۋە يونىماقتىن ئىبارەت .

توھمەت تولا يەردە بولماقتىن ، ئېھتىياتسىز دوستلار ئارىسىدا يۈرمەكتىن قاچقىن . ئۆزۈڭنى خاتا تونۇپ قالمىغىن ، يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىڭنى ياخشى دەپ بىلىشتىن ساقلانغىن .

خالايىقنىڭ غېمىگە خوشاللىق بىلدۈرمە . شۇنداق قىلساڭ، خالايىقمۇ سېنىڭ غېمىڭگە خۇشال بولمايدۇ .

شور - زەي يەرگە ئۇرۇغ سالمىغىل ، ئۇ ساڭا ھوسۇل بەرمەيدۇ . قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلماق - شور - زەي يەرگە ئۇرۇغ سالغان بىلەن باراۋەر .

ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ياخشىلىقنى ئۆگىتىشتىن باش تارتما . چۈنكى » ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى شۇ ياخشى ئىشنى قىلغانغا ئوخشاش ساۋاپ تاپىدۇ « دېگەن ھەدىس بار .

بىر كىشىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلساڭ ئۇنىڭ ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن . چۈنكى بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ كىشى قانچە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلىڭدىمۇ شۇنچە خوشلۇق ، راھەت سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ . بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، يالغۇز ئۇ كىشىدە ئەمەس بەلكى سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ بىئاراملىق ، غەشلىك پەيدا بولىدۇ . ئۆزۈڭ خوشال بولماي تۇرۇپ ، كىشىنى خۇشال قىلالمايسەن ، ئۆزۈڭ رەنجىمەي تۇرۇپ، كىشىنى رەنجىتەلمەيسەن ، قولۇڭدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن. تىلىڭ باشقا ، دىلىڭ باشقا بولمىغىن . خۇشاللىقىڭنى ۋە خاپىلىقىڭنى كۆرگەنلا كىشىگە ئاشكارا قىلىشتىن پەرھىز قىل . خۇشلىقىڭغا خوش، خاپالىقىڭغا خاپا بولىدىغان مۇڭداش تېپىپ ئاندىن ئەيتقىن. ئىشىڭدا ئوڭۇشسىزلىققا دۈچ كەلسەڭ، ئۈمىتسىز بولما . ئۈمىتسىزلىك ئىرادىنى سۇسلاشتۇرىدۇ . كىشى ساڭا ئاچچىغلىسا،سەن ئۇنى خاموشلۇق بىلەن ئۇتكۈزىۋەت.

قولۇڭدىن كەلسە باشقىلارنىڭ ، ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن . يېشى چوڭ ، قېرى كىشىلەرنى كۆپ ئىززەت - ھورمەت قىل . يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ھەمىشە ئېھتىيات قىل . ئېھتىياتسىزلىق نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر .

ھۈنەر ئۆگەنگىن ، ئۆگەنگەندە سوراشتىن نومۇس قىلمىغىن . نېمىنى بىلمىسەڭ،شۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشقىن . سوقرات ھېكىم » ھەر قانداق بايلىق ھۈنەردىن ياخشى ئەمەس ، ھەر قانداق ئىززەت - ھورمەت ئىلىمدىن ئارتۇق ئەمەس ، ھەر قانداق زىبۇ - زىننەت

نومۇس ۋە ھايادىن ئۇستۇن ئەمەس " - دەيدۇ. ئۆگەنگەندە ۋەقتىنى بەلگۈلەپ (چەكلەپ) قويمىغىل . ھەر ۋەقت ، ھەر ھالدا بولساڭ تىرىشىپ ئۆگەنگىل. ئەگەر ئۆگىنىدىغان دانا - ئالىم كىشى بولماي قالغاندا، نادانلاردىن ئۆگەنگىل. چۈنكى نادانىنىڭ ھەركىتىگە كوڭۈلنىڭ كوزى بىلەن نەزەرسالساڭ ئۇنىڭ ناموۋاپىق ئىشلىرىنى كورىسەن . شۇنداق ئىشنى سادىر قىلىشتىن ھەزەر قىل . بۇ دانالىقنى نادانلاردىن ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ . ھۈنەر ئۆگەنمەسلىك ۋە تىرىشماسلىق - جاھىللىق ۋە مۇھتاجلىققا رازى بولغانلىق بولىدۇ . ھۈنەر ئۆگەنمەك بىلەن بەدەنىنىڭ سالامەتلىكى ئاشىدۇ . ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق بەدەنىنىڭ سالامەتلىگىنى بۇزۇدۇ .

ھەممە ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىشتۇر : بىرىنجى - ئىلىم ئۆگەنمەك. ئىككىنجى - نەپسىنى يىغماق . ئۈچىنجى - ياخشىلار بىلەن ھەم سوھبەت بولماق. توتىنجى-راس سوزلىمەك . بەشىنجى - خالىس ۋە ئادىل بولماق . ئالتىنجى- كىشىلەرگە ئازار بىرىشتىن يىراق بولماق . يەتتىنجى-باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كوتەرمەك. سەككىزىنجى- شەرم - ھايالىق بولماق .

يامان ئىش قىلىش ، بېخىللىق ، ئۇنۇتقاقلىق ، يالغان سوزلەشتىن شەرمى - ھايا قىلغىل . ياخشى ئىش قىلىش،ياخشى سوزلەشتىن ھەرگىز نومۇس قىلمىغىل ، ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئىپتىداسى - نومۇس - شەرم - ھايادۇر . يامانلىقنىڭ ئىپتىداسى - نومۇسسىزلىقدۇر . نادان ۋە جاھىل كىشىلەر بىلەن ھەم سوھبەت بولمىغىل ، خۇسۇسەن ئوزىنى دانا، بىلىملىك دەپ ھىساپلايدىغان كىشىلەردىن يىراق بولغىل. چۈنكى مۇنداق بىر تەمسىل باردۇر .

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇنچە،ياخشىنىڭ يامانى بول،
قاراموق دانىسى بولغۇنچە، بۇغداينىڭ سامانى بول.

ساڭا بىر كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشسە،قۇدرىتىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىل . كىشىلەر يامان دەيدىغان خۇيدىن يىراق بولغىل . كىشىلەرگە زىيىنى يېتىدىغان ئىشنى قىلمىغىل . ھەمىشە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقىل . چۈنكى مۇنداق بىر ھىكايە باردۇر : ئەپلاتۇن بىر شاگىرتى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى . شاگىرتى ئەيتتىكى : ئۇستازىم،مەن بىر كىشىنىڭ سوھبىتىدە بولغان ئىدىم . ئۇ كىشى : ئەپلاتۇن ناھايىتى يېتىشكەن ئالىم ۋە ئۇلۇغ كىشىدۇر . مۇنىڭدىن بۇرۇن مۇنداق كىشى ئوتكەن ئەمەس ، مۇندىن كېيىنمۇ مۇنداق ئۇلۇغ ھوكۇما تۇغۇلمىغۇسىدۇر ، دەپ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىپ ماختىدى . دىدى . ئەپلاتۇن بۇنى ئاڭلاپ ھەم خىجىل بولدى،ھەم كوپ بىئارام بولۇپ يىغلاپ كەتتى. شاگىرتى بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ھەيران بولدى ھەم: ئۇستازىم، مېنىڭ بۇ سوزۇمدىن سىزگە قانداق ئەلەم يەتتى ؟ - دەپ سورىدى .

ئەپلاتۇن ئەيتتىكى : سېنىڭ ماڭا يەتكۇزگەن بۇ سوزلىرىڭ ماڭا يەتكەن ئولۇمنىڭ خەۋىرىدىنمۇ يامانىراقتۇر . چۈنكى مېنىڭ بىرەر قىلغان ئىشىم شۇ جاھىل كىشىگە ياراپتۇ . شۇڭا مېنى ماختاپدۇر . جاھىلغا يارىغان ئىشىم - مېنىڭ خاتا قىلغان ئىشىم بولىدۇر . قايسى خاتا ئىشنى قىلغانلىغىمنى ئېسىمگە ئالالماي مالال بولۇپ يىغلاۋاتىمەن دىدي .

ئاچچىغى يامان ، بەد خۇي بولمىغىل . مۇلايىم ، ياۋاش ، خۇشخۇي بولغىل . بىر كىشى‌ساڭا ئورۇنسىز ئازار بەرسىمۇ،سەن ئۇنىڭغە‌ھەرگىز‌يىرىگلىك قىلما. ياخشى دوستلىرىڭنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سال. ياخشى نەسىھەت ۋە مەسلىھەت‌بەرگۈچى‌بىلەن پات-پات ھەم سوھبەت بولغىل . بىرەر ئىلىمنى ئوقۇغان ياكى بىرەر ھۈنەرنى ئۆگەنگەن بولساڭ، ئۆزۈڭنى بىلەرمەن چاغلاپ مەغرۇرلانما. ئىلىمىڭ ۋە ھۈنىرىڭ كوپەيگەنسېرى كەمتەر بولغىل . كەمتەرلىك دانا بىلەن دانانى ئايرىيدىغان مىزاندۇر.

بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە،ئۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ھەل قىلالايدىغان بولساڭمۇ،ئۆز بىلىمىڭگە ئىشىنىپ كەتمىگىل . باشقىلار بىلەن پىكىرلىششتىن نومۇس قىلمىغىل . ئۆزىڭگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن كىشى ھەمىشە پۇشايماندىن خالى بولالمايدۇ . ھەر قاچان مېھرىبان دوستلار، ئاقىل قېرىلەردىن مەسلىھەت ئالغىل.بىر كىشىنىڭ بىلگىنى ھامان ئىككى كىشىنىڭ بىلگىنىگە يەتمەيدۇ . بىر كوزنىڭ كورگىنىمۇ ھامان ئىككى كوزنىڭ كورگىنىگە يەتمەيدۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەت زۇنۇن سىدىق ، ئابدىقادىر بۇلاق

(بېشى 49 - بەتتە)

ئىختىيارسىز دولامغا قويدى. نۇرسىز كوزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى گوشسىز يۈزىدىن ئىسلىشىپ كەتكەن‌سا قىلىغا يېپىشتى.

- ئانارخان ئىككىنچى قېتىملىق «قىرقىش» پەيتىدە بىئەجەل ئولۇپ كەتتى...

مەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم ، - قۇدۇق ئاستىدا تۇرۇپ سوزلەۋاتقاندەك جانسىز ئاۋازدا سوزلەيتتى، -مەن شۇ تاپتا ساڭا بىرەر نان بىلەن چاي بېرەلمەيمەن ، ئويۇمنىڭ ئەھۋالى بىركۇلۇك،توت بۇلۇڭ، مېنى يالغان ئاغرىق،دەپ يېمەكلىك نورمامنى كۇنلۇك بېرىدۇ. خۇددى توخۇ دانلاتقاندەك ئىش بولدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلۇشۇپ،شۇ كۇنى كوز باغلانغاندا ئۇنىڭ ئويىگە يانا كەلدىم.بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئۇن ئېلىپ كەلدىم ۋە ئۇنى بىرنەچچە كۇن يەپ تۇرۇشنى ئەيتىپ تەسەللى بەردىم...

× × ×

ئايۇپنى شۇكۇنى پاخلان ئولتۇرۇپ مېھمان قىلدىم. ئۇ، ئەتىسى كەچ‌پىشىن بىلەن كېتىشكە تەييارلاندى.مەن ئۇ، كاتتا يولەپ قويغان تاغاردىكى بۇغدايىنى كوتىرىشكە تەمشەلدىم.

-نېمە قىلىسەن؟،-دىدى ئۇ.

تۇگمەنگە ئېلىپ بارارسەن؟

-ياق بۇ سېنىڭ بۇغدىيىڭ،ساڭا ئېلىپ كەلگەنتىم،يەمسەن، ئورۇقلۇق قىلامسەن،ئوزەڭنىڭ ئىختىيارى، مەندىن غەم قىلما، ئاشلىغىم يېتەرلىك،ئېغىل-قوتانلىرىم يەنە ئاۋاتلاشتى،باغلىرىم قايتىدىن يەل-يېمىشكە تولدى.يېقىندا مۇخبىرلار كېلىپ‌مەن بىلەن ئەھۋاللىشىپ كەتتى ۋە بېسىغان ئائىلە دەپ گېزىتكە يېزىشتى.

ئايۇپ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى، كوزۇم ئايۇپنىڭ كالپۇكىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇ كالپۇكىنى چىشلىمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئاستى كالپۇكىدا بۇرۇنقى چىشىنىڭ ئىزلىرى قارامتۇل داغ بولۇپ قالغان ئىدى.

# ئىلىم ۋە ئەدەپ

مۇھەممەت ئېلى مەھبۇت

ئىلىم ـ ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە شەرەپلىكرەگى. «جاھاندا ئىلىمدىن ئۇلۇغراق ۋە ئارتۇقراق ھېچقانداق نەرسە يوق» دېيىشكە بولار. بىراق، بىر كىشىدە ئىلىم بولغان بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاق بولمىسا، يانا بولمايدۇ، چۈنكى ئىلىم ئىگىسىدە ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بولماسلىغى ـ ئۇنىڭدا ھېچنىمە بولمىغان بىلەن باراۋەر. ئۇنداق ئادەم ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنداقلا باشقا كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتىمۇ بولمايدۇ. ئۇنى كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ.

ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشىدە گەرچە ئىلىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ، يەنىلا نەگە بارمىسۇن ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەمدە ئۇنى ھەر قانداق كىشى ياقتۇرىدۇ. ئەندى بۇ ئىككى خىسلەت بىر كىشىدە مەۋجۇت بولسا، بۇنداق كىشىنى نىمە دېسەك بولار؟ بۇنىڭغا ھەر بىر شەخسى ئۆزى جاۋاپ تەييارلىشى لازىم.

ئىلىمنى چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق.

ئەدەپ ـ ئەخلاق دېمەك ـ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تىلنى نالايىق سوزلەردىن ۋە باشقا ئەزالارنى نامۇۋاپىق ھەركەتلەردىن ساقلاش ۋە توسۇش؛ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئورنىنى، مەرتىۋىسىنى، قەدرى ـ قىممىتىنى ساقلاش؛ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغان، ئابرويىنى توكىدىغان ھەر قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىقتىن ئىبارەت. ھەر قانداق كىشىدە مۇشۇ خىسلەت بولىدىكەن، ئۇ «ئەدەپلىك» ھېساپلىنىدۇ.

ئىلىم ۋە ئەدەپ ـ ئۆگىتىش، ئۆگىنىش، تەربىيىلەش، تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم پەيتىنى ئىگەللەش، ھەر بىر تەربىيىلىگۈچى ۋە تەربىيىلەنگۈچى ئۈچۈن ئەڭ زورۇر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ مۇھىم پەيتى شۇكى، ئادەمنىڭ سوزلەشكە تىلى، مېڭىشقا ۋە ھەركەتلىنىشكە ئايىغى چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، 14- 15 ياشقىچە، يەنى بالاغەتكە يەتكىچە بولغان دەۋردۇر.

# يىلتىزغا مەدھىيە

(نەسر)

تۇرسۇن پازىل

بىز ئولتۇرغان پىكاپ ئاسفالىت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قاتار - قاتار سۆۋادان تېرەك، يېشىل ئاكاتسىيە ۋە جىگدە دەرەخلىرى ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىلەن بىللە غىل - پال كۆرۈنۈپلا ئارقىدا قالماقتا. ئىگىز ۋە رەتلىك ئۆسكەن بۇ ئىككى رەت ئورمان بەلۋىغى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇپ، ئاسفالىت يولنى ئاسماننىڭ گىرۋىكى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. باراخسانلاپ كەتكەن دەل - دەرەخلەر بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئۆسۈۋاتقاندەك مەغرۇر ۋە ھەيۋەت بولۇپ، بۇ يېڭى يولغا ئاجايىپ گۈزەللىك بەخش ئەتكەن ئىدى. بىراق، شۇنچىۋالا كۆپ دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يىلتىزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مېنىڭ مېڭەمنى يىلتىزنى ئىزدەشتىن ئىبارەت بىر خىل خىيال ئىگىلەپ ئالدى.

تەبىئەت دۇنياسىدا سان - ساناقسىز دەل - دەرەخ، زىرائەت، گۈل - چېچەك، ئوت - چۆپلەر، قىسقىسى، بارلىق جانلىق ئۆسۈملۈكلەر كىشىلەرنىڭ ماددى تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئەنە شۇ ئۆسۈملۈكلەر بەخش ئەتكەن گۈزەللىكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇ گۈزەللىكلەر ئىچىدە ياشايدۇ، خىزمەت ئىشلەيدۇ، جەڭ قىلىدۇ، دەم ئالىدۇ.......

سۆيۈملۈك يولداش، سىز خىلمۇ - خىل ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، خۇش مەنزىرىلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان باغچىلارغا، مىۋىزارلىقلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ سەيلە قىلغان بولغىيدىڭىز، ئەنە شۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر، سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھەر خىل رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر، مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالما، ئانار، ئامۇت، ئۆرۈك، ئەنجۈر، گىلاس ۋە نان جىگدە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر نېمە دېگەن ئىسىل - ھە! ئەشۇ مەيىن شامالدا سىلىق يەلپۈنۈپ، مول ھوسۇلچىلارنىڭ شات داخشىلىرىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان بۇغداي، قوناق، شال، پۇرچاق ۋە باشقا زىرائەتلەر، خۇشپۇرا قىلىپ دىماققا ئۇرۇلۇشى بىلەنلا ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىدىغان، يېگەنسېرى يېگۈسى كېلىدىغان قوغۇن - تاۋۇزلار، تۇرمۇشتا كام بولسا بولمايدىغان چامغۇر، چەيزە، لازا، شوخلا ۋە چىگىنەي قاتارلىق ھەر خىل كۆكتاتلار ......، ئىنسانلار ئۈچۈن

نەقەدەر كېرەكلىك ـ ھە!

توغرا، دەل ئەشۇ سان ـ ساناقسىز ئو ـ
سۇملۇكلەر كىشىلەر ياشاۋاتقان بۇ بىپايان
زېمىنغا تۈگىمەس بايلىقلارنى ۋە گۈزەل ـ
لىكلەرنى تەقدىم قىلدى.

ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت يىلتىزى بولغانـ
لىغى ئۈچۈنلا تەبىئەت دۇنياسىدا ياشىياـ
لايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزلىرىغا
تايىنىپلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايـ
دۇ. ئۇلاردا يىلتىز بولغانلىق ئۈچۈنلا ئۆزـ
لىرىنىڭ غايەت زور رولىنى نامايان قىـ
لالايدۇ. يىلتىز ـ ئوسۇملۇكلەرنىڭ يۈرىگى،
ئوسۇملۇكلەرنىڭ جېنىدۇر. ھەر قانداق ئو ـ
سۇملۇك ئۆزىنىڭ يىلتىزىدىن ئايرىلغان
ھامان قاخشال بولۇپ، ئۆلۈمگە يۈز تۇتىدۇ.

× × ×

مەن يىلتىزغا مەدھىيە ئوقۇيمەن. يىلـ
تىزنىڭ ئىشچان، باتۇر، باش چوكۇرۇپ
ئىشلەيدىغان ئالىجاناپ روھىغا مەدھىيە
ئوقۇيمەن؛ يىلتىزنىڭ نام ـ مەنپەئەت.
قوغلاشماي، كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ـ تالـ
ماي ئىشلەيدىغان غەيرىتىگە مەدھىيە ئو ـ
قۇيمەن؛ يىلتىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىـ
ياجى ۋە زېمىننىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ئو ـ
زىنىڭ ئەجرىنى قاچە ئايىماي، ھاياتىـ
نىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىزمەت قىلىدىغان
روھىغا مەدھىيە ئوقۇيمەن!

ئېخ يىلتىز! سەن گۈلزارلىقتا شاختىنـ
شاخقا قونۇپ، دەڭگەندىن ـ كەچكىچە ئۇ ـ
چۇپ يۈرۈپ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيـ
دىغان كېپىنەكتىن ياخشىسەن، ھەر ۋاقىت
باشقىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ،
ئومۇرۋايەت بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىـ
قالمايدىغان كولەڭگۈدىن ياخشىسەن؛ تاڭ
قۇياشى ۋە كەچكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن
ئايرىلىسىلا ئۆزىنىڭ قارا بولۇتتىن ئىباـ
رەت ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلايدىغان
تاڭ شەپىقى ۋە كەچكى شەپەقتىن كۆپ ياخـ
شىسەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەۋجۇت بو ـ
لۇش جەريانىدا، ئىنسانلار ئۈچۈن ئاز ـ
تولا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ـ خالاس. سەن
ئۇلاردىن كۆپ ئۇلۇغسەن، كۆپ پايدى ـ
لىقسەن.

ئېخ، يىلتىز! مەن سېنى ئۆزىنى قوم ـ
شېغىل، سېمونتلار ئىچىگە چوكۇرۇپ، ھەي ـ
ۋەتلىك ئىمارەتلەر ۋە كۆۋرۈكلەرنى كۆتۈ ـ
رۈپ تۇرىدىغان، ئەڭ زور بېسىمى ئاستىـ
دىمۇ «ۋايجان» دەپ نالە قىلمايدىغان،
تۆھپە كۆرسەتتىم دەپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز
قىلمايدىغان پولات چوققىغا ئوخشۇتىمەن؛
مەن سېنى سىرتقى كۆرۈنۈشى سەلتەنەتلىك
ئەمەس، ۋاقىراپ ـ جاقىرىماي تەمكىن
ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى،
ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان
غەيرىتى ئارقىلىق مىڭ جىڭ ئېغىرلىقـ
تىكى يۈكنى يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈرىدىغان
دامكىراتقا ئوخشىتىمەن.

ئېخ، يىلتىز، سەندە ھېچقانداق سەلـ
تەنەتلىك سىرتقى كۆرۈنۈش يوق، پۈتكۈل
تېنىڭ ئىشچانلىق ۋە خوجايىنلىق روھى
بىلەن تولغان، سەن يىلبويى سىڭدۈرگەن
ئەمگىكىڭ ئارقىلىق ئىنسانلارغا پۈتمەس ـ
تۈگىمەس بايلىقلارنى يەتكۈزۈپ بە ـ
رىسەن؛ قانچىلاپ يىللار ئۆتۈپ
كەتتى. سەن يەنە شۇنداق كەمتەر،
سەممىي بولۇپ كېلىۋاتىسەن. سەن ھېچقاـ
چان بېشىڭنى تۇپراق ئىچىدىن كۆتۈرۈپ
چىقىپ، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ
باقمىدىڭ. ئەكسىچە، ئۆز تۆھپىلىرىڭنى
چوڭقۇر تۇپراق ئىچىگە كۆمۈپ كىلىۋاتىـ

سەن. سەن چوڭا يغا لىسىرى ئېخىمۇ تەمكىن،
ئېخىمۇ غەيرەتلىك ، ئېخىمۇ كۈچلۈك بولـ
ماقتىسەن. سېنىڭ ئىشچانلىغىڭغا يەر ـ
زىمىن گۇۋا ، كورسەتكەن تۆھپىلىرىڭگە بىـ
پايان ئالەم ۋە ئىنسانلار گۇۋا.

ئېخ يىلتىز، سەن بوران ـ چاپقۇنلار
ئارا ئۆسۈپ يېتىلىسەن، زورۇيىسەن ۋە
مۇستەھكەملىنىسەن ، شۇڭا تەبىئەت دۇنياـ
سىدا كۈچلۈكلەر قاتارىدا تۇرۇشقا مۇناـ
سىپسەن. مەن ساڭا تىلەكداشمەن. مەن سېـ
نىڭ ئۆز هاياتىڭدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى
زىيانلىق هاۋا رايى ، ئاپەت هادىسىلارغا
قارشى ئاجايىپ قورغانلارنى هاسىل قىلىپ،
ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجى، ئالەمـ
دىكى جانلىقلارنىڭ تەرەققىياتى، راۋاجـ
لىنىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىڭگە ،
توختىماي كۈرەش قىلىشىڭغا تىلەكـ
داشمەن .

مەن يىلتىزنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيـ
مەن ، تەشەككۈر ئېيتىمەن ، مەن يىلتىز
روھى بىلەن هەرقايسى سەپلەردە يىلتىز
تارتىپ، هارماي ـ تالماي،كېچە ـ كۈندۈز
كۈرەش قىلىۋاتقان، جەڭ قىلىۋاتقان كىـ
شىلەرگە ئېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيمەن. مەن
شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمەنكى، باتۇرلۇق
غەيرەتلىك، كۈرەشچانلىق روھىغا تولغان
يىلتىزغا توھپە خاتىرىلەش كېرەك!!!

سۈيۈملۈك يولداش، ۋەتەننى گۈللەندۈـ
رۈش، توتتىزا مانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت
ئۇلۇق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا
كۈرەش قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ، ئۆز ۋەـ
تىنىگە سادىق هەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ
ۋەتەننى ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن،
هورۇنلۇقنى تاشلاپ، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ،
يىلتىز روھىنى ئۈلگە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ
بارلىق زېھنى ـ كۈچىنى تەقدىم قىلىشى
نىقەدەر زۆرۈر ـ هە ؟!

مەن هاياجانلىنىشقا باشلىدىم، مېنىڭ
تەپەككۈر شۇڭقارىم يەر ئاستىدىكى
يىلتىزلار دۇنياسىدا پەرۋاز قىلماقتا. ئەنە
شۇ بىر ـ بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن، ھەتتا
چەمبەرچەس باغلىنىپ ئۆيۈشقان يىلتىزلار
دونياسىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ۋەـ
تەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بوران ـ
چاپقۇنلارنى يېڭىپ، توختىماي ئالغا قاراپ
ئىلگىرىلەۋاتقانلىغىنى كورگەندەك بولدۇم.
قەلبىمدە دۇلقۇن پەيدا بولماقتا. بۇ
يىلتىز روھى ئويغاتقان هاياجان دولقۇـ
نى،غەيرەت دولقۇنىدۇر. مەن مىڭلىغان ـ
تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ هەممىسى يىلتىز
روھىنى يېتىشتۇرۇپ، خوجايىنلىق بىلەن
ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئىشلىرىمىزنىڭ
شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىدە، توتتى
زامانىۋىلاشتۇرۇش چارقىنىڭ ئېخىمۇ تېز
ئايلىنىشىدا گەپ يوق ئىكەنلىگىگە يەنىمۇ
ئىشەندىم.

## ئىككى نەسىر

ئەمەت دەرۋىش

# باھار تۇيغۇسى

باھار كېلىشى بىلەن دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركىندۇ. ئەنە، كوز ئالدىڭىزدىكى ئاۋۇ مىۋىلىك دەرخلەرگە قاراڭ: باھارنىڭ ئەركى شامالىرىنىڭ سۇيۇپ ئۇتىشى بىلەن ھوپپىدە چېچەككە پۈركۈنۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ياپراق چىقارماقتا. پات يېقىندا ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدا ئوزىنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى كورسىتىدۇ: شاخلىرىنى كوتىرەلمەي، مىۋە بولغاندا بال دەپ ئاغزىڭىزنى تامشىدىغان شىرىن ـ شەرۋەتلەر ئەنە شۇنىڭ ھازىرقى مۇستەھكەم غوللىرىنىڭ ئىچىدىكى سىرغىپ تۇرغان سۇتىنىڭ مىۋىسى ئەمەسمۇ ؟! بولۇققا كىرگەن بىر تۇپ مىۋىلىك دەرەخنى كوز ئالدىڭىزغا كەلتۇرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ پىشقان مىۋىلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالمايسىز. ئەمدى ئىككى تۇپ، ئۇچ تۇپ؛ ئىككى مو، ئۇچ مو مىۋەزارلىقنى كوز ئالدىڭىزغا كەلتۇرۇڭ، ئېگىزدە تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، ھاي، ھاي! قۇياش نۇرىدا مىۋىلىرىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىلىنىك كورۇنۇشلىرىگە زوقىڭىز كېلەر!.....

گۇللۇقلاردىكى ئەترا پقا گۇپۇلدەپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان پورەك ـ پورەك ئېچىلغان گۇللەرنى دىمەمسىز، ئۇلار نىمانچە چىرايلىق، نىمانچە خۇشپۇراق ـ ھە ؟! باھار ئۇلارغا يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، ئۇلار ئەشۇ ھاياتى كۈچ بىلەن بۇ دىيارنى زىننەتلەپ، ھەقىقى باھار تۇسىنى بەرمەكتە.

باھار، ئېخكا ئىنا تقا يېشىل مەخمەلدىن لىباس كەيدۇرگەن ئىللىق باھار! سېخى قۇياش ساڭا ئىللىق مېھرى بىلەن كۇلۇپ باققاندا، ئوزۇمنى بەكمۇ بەختلىك ھىس قىلىمەن. چۇنكى مەن ئۇزەمنى بۇ يېڭى باھاردا بىخلىنىپ باغۋەن ئەجرىنى زايا كەتكۇزمەي مىۋە بېرىشكە بەل باغلىغان يېڭى بىر تۇپ مىۋىلىك كوچەتكە ئوخشىتىمەن. يالىڭاچ غوللۇق دەرەخلەر باھارغا ئېرىشكەنلىگىگە خوشاللانغاندەك، مەنمۇ ياشلىق ھاياتىمنىڭ بۇ باھارىدىن ئاجايىپ مەمنۇنلۇق ھىس قىلىمەن. مەن ئەشۇ گۇل بىلەن مىۋىلىك دەرەخلەرگە بەكمۇ ئامراق. باھارنى يېڭى دەۋرانىم دىسەم، گۇلنى خوشاللىقنىڭ سىماسى دەيمەن، مىۋىلىك دەرەخنى ۋەتەن ۋەخەلق مەنپەئەتى يولىدىكى توھپىكار دىسەم، ئۇنىڭ يىلتىزىنى يۈكسەك تەپەككۇرنىڭ مۇستەھكەم ھۇلى دەيمەن. ئېخ، ئۇندىغا تۈگىمەس

كۆچ ـ قۇۋۋەت بېرىۋاتقان ئانا ۋەتىنىم!
ئوغلانلىرىڭنىڭ ئۇلۇق، ئۆچمەس تۆھپە-
لىرىدىن مەغرۇرلىنىشقا ھەقلىقسەن. چۈن-
كى باغۋەن پۈتۈن ئەجرىنى سىڭدۈرۈپ
كۆچەتلەرنى تەربىيىلىدى، ئىللىق باھار
ئۇلارغا يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ بەخش ئەت-
تى، تۈگىمەس ئوزۇقنى سەن بەردىڭ ئە-
مەسمۇ؟!.....

ئېخ، باھار! كەڭ كائىناتقا بەكمۇ يارا-
شىملىق يېشىل لىباس كەيدۈرگىنىڭدە، ساڭا
چىن يۈرىكىدىن ئاپىرىن ئوقۇمايدىغان كىممۇ
بار دەيسەن؟ ئىللىق قۇچىقىڭدا ياشارغان
مىليونلىغان مىۋىلىك دەرەخلەر ئۆزىگە
تۈگىمەس قۇۋۋەت بېرىۋاتقان ئانا ۋەتىنى-
نىڭ چېكىسىگە ئۆزىنىڭ چېچەك ـ گۈللى-
رىنى گۈل تاج قىلىپ قىستۇرىدۇ. مەنمۇ
سېنىڭ بۇ ئىللىق قۇچىقىڭدا ئەشۇ مىۋى-
لىك دەرەخلەر قاتارىدا باغۋەن ئەجرىدىن
كەلگەن بۇ ئاددى چېچەك گۈلۈمنى ساڭا
سۇنماقچى بولۇۋاتىمەن. قوبۇل ئەت، بۇ
مېنىڭ يۈرەك سوۋغامنى!...

## ئۇركەشلە ئەزىم دەريا!

كۆز ئالدىمدا شوخ ئۇركەشلەپ ئاق-
ماقتىسەن ئەي، ئەزىم دەريا!
مەن سېنىڭ شوخلۇق بىلەن ئويناقلاپ ئې-
قىۋاتقان زۇمرەت سۈيىڭنىڭ دىلىنى مەپ-
تۇن قىلغۇچى جىلۋىسىگە ھەيرىنىمەنلىك
بىلەن قاراپ تۇرماقتىمەن. سەن شۇنداق
ئەركىن، ئازادە، راۋان ئاقىسەنكى، شاۋ-
قۇنىڭدىن ھاسىل بولغان يېنىك دولقۇن-
لىرىڭ كۆڭلۈمدىكى ساڭا بولغان مۇھەب-
بەتلىك ھېسسىياتىمنىڭ ئەركىن تۇيغۇلىرىنى
ئۈزلۈكسىز ئۇلغايتماقتا.

ئېخ، ئەزىم دەريا! سېنىڭ سۈيىڭ نېمە
دېگەن سۈزۈك ۋە پاك ـ ھە؟! تاللاي يىل-
لاردىن بېرى بۇ يېڭى دەۋرانىڭدىكىدەك
شوخ، ئۇركەشلەپ ئاققانمىدىڭ؟ مارجاندەك
كۈمۈش چاچقۇلىرىڭنى بۈگۈنكىدەك بە-
ھوزۇر چېچىپ، كۆكلىنىڭ زوقىنى تارتال-
غانمىدىڭ؟ ئىشلەپ چارچىغان كىشىلەر
سۈزۈك سۈيىڭدىن ئۇچۇملاپ ـ ئۇچۇملاپ
ئىچكەندە ئۆزىدە ئاجايىپ بىر راھەتھىس
قىلىدۇ. چاڭقىغان يۈرەكلەر سېنىڭ جانغا
ئارام بېغىشلىغۇچى تاتلىق سۈيىڭدىن
لەززەتلىنىپ، ئۆزىدە يېڭى بىر روھىي ئۈمىت
پەيدا قىلىدۇ. سەن ھاياتلىققا ئەنە شۇن-
داق قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى، مىسكىن كۆ-
ڭۈللەرنى ئەنە شۇنداق شاتلىققا تولدۇر-
غۇچى! ئېخ، ئەزىم دەريا! يېڭى باھارىڭدا
كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ مېھرى ئاتا قىلغان
ھاياتى كۈچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن دولقۇن-
لاپ ئاققىنىڭدە شوخ ئۇركەشلىرىڭدىن
چىققان مەرۋايىت ئۈنچىلىرىڭگە تەشنا بول-
غان كەڭ ۋادىلىرىڭدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن
گىيالار بۈگۈن ھاياتلىق كەۋسىرىڭگە توي-
غىدەك قېنىپ، يېڭىدىن بىخ سۈرۈپ ئەر-
كىن نوتىلاشقا باشلىدى. ئەنە ئۇلار كۆكەردى،
ياشاردى! سالقىن شامال كۈمۈشتەك يال-
تىرىغان يۈزۈڭدە يېنىك دولقۇن ھاسىل
قىلغاندا، قىرغىقىڭدا ساڭا زوقمەنلىك
بىلەن قاراپ تۇرغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ
قەلبىدە ساڭا بولغان مېھرى ـ مۇھەببەت

(ئاخىرى 85 ـ بەتتە)

# شېئىرلار

ئېزىز سايىت

## گۈلگە تولدى سەنئەت بېغىمىز

گۈلگە تولدى سەنئەت بېغىمىز،
گۈل غۇنچىلار چاچتى خۇشپۇراق.
ئىلىم ـ پەننىڭ گۈزەل باھارى،
ئاچتى بىزگە شۇنچە كەڭ قۇچاق.

گۈزەل دەۋران ئىلھامى بىلەن،
تۇمەن تۇلپار چۈشتى بەيگىگە.
ئىنسانلارنىڭ قەلبى شاتلىنىپ،
مېھنەت كۈيى چىقتى ئەۋجىگە.

كۈيچى شائىر يارىتىپ داستان،
ئەل بەختىنى قاتتى قوشاققا.
ئۈنىڭ قەلبى ئوخشايدۇ گويا،
ئوخچۇپ تۇرغان مارجان بۇلاققا.

جۇشقۇن ھېسسىيات خۇددى فونتاندەك،
تاشتى قايناق ئوتلۇق قەلبىدە.
ئىسىل گوھەر قېزىپ ھاياتتىن،
چىللىماقتا ئەلنى غەلبىگە.

دىلغا ئىلھام بېرىپ مۇقامنى
ياڭراتقىنىدا ماھىر سازەندە،
گۈلگە ئاشنا تال بۇلبۇللىرى،
تەڭكەش بولۇپ سايرار چىمەندە.

مەپتۇن قىلىپ يېقىملىق مۇقام،
بەردى ئىلھام سانسىز يۈرەككە.
دەۋرىمىزنىڭ غەزەلخانلىرى،
ئېلىپ لەززەت يەتتى تىلەككە.

جىلۋە قىلغاچ تەبەسسۇم كۈلكە،
لەۋلىرىدە ناخشىچى قىزنىڭ.
خىسلىتىنى كۆرۈپ خەلقىمىز،
بولدى مەمنۇن شات دەۋرىمىزنىڭ.

كورسەتكىنىدە ئۇسۇلچى قىزلار،
نەپىس سەنئەت ماھارىتىنى.
پەخىرلىنىپ سۆيۈندى دىللار،
«يۈرەك كۈيى» جاسارىتىنى.

بولدى خوشال سۆيۈملۈك دىيار،
سەنئەتكارلار پاراستىدىن.
گۈلگە تولدى سەنئەت بېغىمىز،
كومپارتىيە شاراپىتىدىن.

## نادىر ئەسەر

قولغا ئالدىم يۇكسەك ھورمەتتە،
بۈيۈك قامۇس، ئۇلۇغ دىۋانىنى.
كوز ئالدىمغا كەلتۇردۇم شۇ ئان،
بوۋام مەخمۇت ئۇتكەن دەۋرانىنى.

چولپان كەبى چاچتى پارلاق نۇر،
مەشھۇر تۇركى تىللار لوغىتى.
كەتتى تاراپ پۈتۈن ئالەمگە،
ئۇلۇغ ئەلنىڭ شانۇ - شوھرىتى.

ئاچقىنىمدا ئۇنىڭ بېتىدىن،
مەرىپەتنىڭ نۇرى چاقنايدۇ.
ئالسام ئۇندىن ئىلھام، كۈچ-قۇۋۋەت،
ۋۇجۇدۇمنى شاتلىق قاپلايدۇ.

ئالەمشۇمۇل شۇ نادىر ئەسەر،
بوۋام مەخمۇتنىڭ ئەجرىدىن پۈتكەن.
دىمەك ئەجدات، ئىجات-مېھنەتتە،
مەڭگۇ ئوچمەس شان قۇچۇپ ئوتكەن.

بوۋام مەخمۇت ئىزىدىن مېڭىپ،
مەنمۇ ئالدىم قولۇمغا قەلەم.
ئەلگە توھپە قوشسام بىر ئومۇر،
قۇتلۇقلايدۇ دەۋرىم - زامانەم.

## باغۋەن قىز

قوياش نۇرىدا تاۋلىنىپ رەڭدار،
زەپ چىرايلىق پىشىپتۇ ئالما.
تۇجۇپىلەپ تىرىنى توككەچ،
ئىشچان باغۋەن-قولى گۇل،دەنا.

ھەر دانىسى جانان چىنىدەك،
شاخ - شېخىدا ئوخشاپتۇ راسا.
ئەگەر يىسەڭ ئۇنى زوقلۇنۇپ،
يۇرىگىڭگە بولىدۇ داۋا.

شاختا پىشقان ئەشۇ ئالمىنىڭ،
تەمى گويا بالدىنمۇ تاتلىق.
باققا كىرسەڭ شاتلىنىپ قەلبىڭ،
ۋۇجۇدۇڭنى قاپلايدۇ شاتلىق.

كورۇپ ئەل - يۇرت ئالمىلىق باغنى،
باغۋەن قىزدىن بولۇشتى مەمنۇن.
ئۇنىڭ توككەن ھالال تىرىدىن،
ئوخشاپ كەتتى ئالمىلار نۇرغۇن.

شۇڭا ئۇنىڭ شانۇ - شوھرىتى،
ئەل ئاغزىدا بولدى بىر داستان.
قۇچۇپ زەپەر ئورلەيدۇ تىنماي،
باغۋەن قىزچاق رەنا گۇل ئىشچان.

# هور زامان كەلدى

يارقىن

بىلىم ئالماققا كەڭ ئىمكان تېپىلدى، هور زامان كەلدى،
بىلىم باغىنى گۈللەشكە تىرىشچان باغبان كەلدى.

ئۈزەي دەپ مەنمۇ شۇ باغدىن بىلىم گۈلىنى تەمشەلدىم،
ئېشىپ زوقۇم بۇ گۈل هوسنىگە ئىلهامىم راۋان كەلدى.

توكەي دەپ مېهنىتىمدىن تەر، قولۇمغا گاڭ قەلەم ئالدىم،
مېنى باشلاشقا شۇ يولغا، قەلەمداش مېهربان كەلدى.

❋❋❋❋❋❋❋❋❋❋

# رۇبائىلار

ئومەر ئوسمان

نىمە كەم ئىجاتقا شۇنچە كەڭ پۇرسەت،
ئىجات قىل مەردانە، ئىزلىمەي شۆهرەت.
ئەجرىڭدىن ۋەتەنگە ياراتساڭ تۇھپە،
ئالدىڭغا كېلىدۇ شان ـ شەرەپ، هۆرمەت.

بىلىمىنىڭ يولى كەڭ ئەسلا تار ئەمەس،
جۇرئەتسىز كىشىگە ئەسلا يار ئەمەس.
پۇلى بار كىشىلەر ئەسلا باي ئەمەس،
بىلىملىك كىشى باي، ئەسلا خار ئەمەس.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

# شېئىرلار

ئابلىز هەسەن

## هەرپ تىزغۇچىغا

كۈن ۋە تۈن تىزماقتا جۈرئەتلىك قولۇڭ،
پارتىيە سۆزىگە بولۇپ پەرۋانە.
ئىنقىلاپ سېپىدە شەرەپلىك يولۇڭ،
تىزغىنىڭ خەلقىمگە ئولمەس دۇردانە.

قۇرلىرى ئىنقىلاپ قامۇسى دىمەك،
ماۋزۇسى هاياتقا مەشئەل ـ نۇرانە.
مەزمۇنى بەختىيار هاياتتىن دېرەك ـ
بەرمەكتە، ئاقمايدۇ پىتىنە ـ ئەپسانە.

پارتىيە، ۋەتەنىنىڭ كۈتكىنىدەك تىز،
ئوقۇپ ئىلھام ئالسۇن يارلىق پالۋانلار.
ھەر بىر تىزغىنىڭدا قەلبىڭدىمۇ ئىز-
قالسۇن ئوچمەس ئىز بولۇپ داستانلار.
بىلەمسەن، سەن تۇرغان مۇشۇ يەر - ئانا،
قۇلاقتىن كەتمەيتتى يىغا - پىغانلار.
قۇتقازدى پارتىيەم دوزاقتىن بىزنى،
بىز ئۈچۈن جەڭلەردە بېرىپ قۇربانلار.

تالمىسۇن جۇپ قوللار قىزلار، ئوغۇللار،
قالسۇن ئىشىمىزدىن دۈشمەن ھەيرانە.
تىزىڭلار ئىشچىلار، بېسىڭلار كىتاپ،
قىلسۇن ياۋ تەختىنى مەڭگۈ ۋەيرانە.
پارتىيە تىلى ئۇ، خەلقنىڭ دىلى،
تىزىڭلار سوزىگە بولۇپ پەرۋانە.
تىزىڭلار ئىشچىلار ئوقۇسۇن جاھان،
ھەر بىر تىزغىنىڭدىن دۈشمەن گۇمرانە.

## ھەرپ تىزىش ناخشىسى

مەتبەئە سېپىدە قىلىپ قاتتىق جەڭ،
ھارمايدۇ قوغۇشۇننى ئېلىپ بارىغىم.
ھەركىتىم شەرەپلىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن،
تەقدىم ۋەتىنىمگە ئومرۇم - بارلىغىم.
ھەرپ تىزماقتىمەن، جانغا - جان قۇۋۋەت،
قۇدرەتلىك خەلقىمنىڭ يۈرەك سوزلىرى.
خەلق سوزىنى تىزسام قويۇپ مۇھەببەت،
كورىدۇ يىراقنى قەلبىم كوزلەرى.
قوغۇشۇندەك ئاقىرىپ كەتسىمۇ بېشىم،
تىزىمەن، قولۇمدىن چۈشمەس ۋىرساتكام.
ۋەتىنىمگە تەقدىم دىلىم، ھەركىتىم،
تىزغىنىم جەڭدە ماڭا ئەقلى ئىستىھكام.

قوغۇشۇن ھەرپلەرنىڭ پەرۋانىسىمەن،
ماۋزېدۇڭ سىشىياڭى - ئېتىقات، يولۇم.
ئاخىرقى تىنىغىم توختىسىمۇ ھەم،
چۈشىدۇ قوغۇشۇن ھەرپ ئۈستىگە قولۇم.
قوغۇشۇن ھەرپلەرنىڭ ئالدىدا دەل مەن،
باسما تاۋاقلاردىن كەتكۈم كەلمەيدۇ.

بىر مىنۇت-مىڭ ۋاراق، ئەقلى قۇدرەتجان،
ئۇنىڭسىز چىن ئىنسان قەلبى كۈلمەيدۇ.
ھىكمەتلىك ئالتۇن سوز تىزغان يەردەمەن،
بىر سوتكا - بىر ئەسىر - بىر مىليۇن ھەرپ.
ئوزۇمنى بەختلىك سىزىمەن، چۈنكى،
ئەقلىم، كۈچۈم ئاڭا بولماقتا سەرپ.

ھەرپ ئالدىم - بومبا، مىنالار ئالدىم،
دۈشمەن يۈرىگىنى ئۇلتۇرەر يېرىپ.
ئالدىنقى سەپتە مەن، جەڭگە ئاتلاندىم،
ئىنقىلاپ يولىدا قالمايمەن ھېرىپ.
قىلىدۇ پارتىيە يولىنى بايان،
پەرۋىشلەپ ئوستۇردى - تۇتتى قولۇمنى.
تىزسام ھەر سوزىنى كۈچلۈك ھاياجان،
قوزغايدۇ غەيرەتكە باشلاپ كوڭلۇمنى.
قولۇمدا ۋىرساتكام پارتىيە سوزى،
تىزىمەن ئۇ - غالىپ، ئوتكۇر قورالىم.
پارتىيە - قۇياشىم، بەختىم يۇلتۇزى،
ئاڭا تەقدىم بارىم، ئومرۇم، خىيالىم.

### نەغمىچىگە

ئەي نەغمىچىم، ئېيت ناخشاڭنى دىققەتتە خەلق ئاممىسى،
ھورمىتىڭنى قىلىپ ئاڭلار قېرى - ياشۇ ھەممىسى.
سەن خەلق قەلبى كۈيچىسى، تىڭشار سېنى سۈيۈنۈپ،
يېقىملىق ناخشا - سازىڭ ئولمەس خەلق نەغمىسى.

ئۇلۇغ ئەجدات ساداسى ئۇ ياشاپ كەلگەن ئۇزۇن زامان،
ياشار يەنە خەلق ئەقلىنىڭ ئۇ ـ مول، تەملىك مىۋىسى
قولۇڭدا ساز، بېغىڭدا ياز، كەتمەس يېنىڭدىن بۇلبۇللار
نەغمىچىسەن، مەڭگۇ يوقاپ كەتمەس ئاھاڭ ئىگىسى.
سازلىساڭ زامانلىششقا ئاچار يۈز گويا كۈندەك،
ئۇن ئىككى مۇقام يۇرتىنىڭ تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسى.
ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانىدىن كوڭلى مەمنۇن ھەر كىمنىڭ.
كەلمىسۇن نىچۇن مەندەك تىڭشاي مەڭگۇ دىگۇسى.

✧➔➔➔✧➔➔➔✧

# شېرلار

ياسىن ئىسمايىل

## گۇل ۋە بۇلبۇل

باھار كېلىپ باغنىڭ ئىچىنى،
قاپلاپ ئالدى كۇلۇپ گۇل ـ چېچەك.
ئۇچۇپ كەلدى كۈيچى قۇش بۇلبۇل،
باغ ھوسنىنى قىلىشقا كورەك.

دىدى بۇلبۇل گۇلگە شاتلىنىپ:
« سەن جاھاندا ھەممىدىن گۈزەل.
سېنىڭ ھوسنۇڭ ئۇندەيدۇ مېنى،
شەنىڭ ئۇچۇن ئېيتىشقا غەزەل ».

گۇل دىدىكى : « ئەي ئاشىق بۇلبۇل،
مېنىڭدىنمۇ گۈزەلدۇر ۋەتەن.
ئانا تۇپراق قۇۋۋەت بەرمىسە،
نەدىن كىلۇر گۈزەللىك دىگەن ».

## قىزىقىش بولمىسا...

تونۇردا كويگەچكە لاۋۇلداپ ئاتەش،
پىشىدۇ ئاق توقاچ ۋايىغا يىتىپ.
ئاتەشنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى بولمىسا،
قالىدۇ توقاچمۇ خام، خېمىر تېتىپ.

كەسپىڭنىڭ ئىشقىدا كويگىن لاۋۇلداپ،
ئەجرىڭدىن پۇشۇرماق بولساڭ تاتلىق نان.
قىزىقىش بولمىسا ئەگەر كەسپىڭگە،
بىر باشقا چىقمايدۇ ئىشىڭ ھېچقاچان.

## ئالتۇن

يەر ئاستىدا قالسىمۇ ئالتۇن،
داتلاشماستىن تۇرار يالتىراپ.
ئۆتسىمۇ گەر يىللار، ئەسىرلەر،
كۆزنى چاقار ھامان پاقىراپ.

چىنلىق بىلەن يېزىلغان شېئىر،
ئالتۇن كەبى تەڭداشسىز قىممەت.
يوقاتماستىن قىممىتىنى ئۇ،
نۇر چېچىپ تۇرار تا ئەبەت.

## ئىككى شېئىر

مەمتىمىن زىبىبۇللا

### بىزار بولدۇم

ھۈنەرگە ئۇستا ئۇستام دەپ پۈتۈن ئەتراپتا داڭقى بار،
بىلەك سائەتنى رېمونتقا بېرىپ دېدىم: «سائىتىم ئىنكار».
شۇ كۈن ئۇستامغا: بۇ سائەت ساقايسا تېز دېدىم تەكرار،
بىراقكى قىلغاچقا ئۇستام ۋەدىسىنى كۆپ قېتىم ئىنكار،
شۇ بۇ سائەتچى ئۇستامدىن تويۇپ كەتتىم بولۇپ بىزار.

ئېلىپ ئۇستام بۇ سائەتنى تۇرۇشقا ھەپتە بولۇپتۇ،
تەكشۈرمەي ۋە تۈزەشتۈرمەي شىرە، يانچۇققا چۆرۈپتۇ،
تۆمۈر - تەسەك ئىچىدە كۆپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپتۇ.
پالان پۇللۇق بىلەك سائەت جىمى دەرتلەرنى كۆرۈپتۇ،
چىرايلىق ئەينىكى ئۇنىڭ بولۇپتۇ سەت-«قوتۇر گۈلدار».

ۋاقىتقا ئالتە ئاي ئۆتتى، سۆلەشتىن باشقا چارە يوق،
كېلىپ كەتتىم دۇككانغا كۆپ، ئاياق چەمى تېشىلدى خوپ،
چىرايلىق سۆزلىدىم، زادى ئۇستامغا قىلمىدىم ھېچ دوق،
تېپىلماپتۇ بۇ سائەتكە شەھەر - بازاردا بىر تال ئوق،
مۇشۇ ئالتە ئاي ۋاقتىمۇ رېمونتچىغا كېلىپتۇ تار.

يەنە بىر قانچە رەت باردىم تولۇپ كۈن، ھەپتە، ئاي كەتتى،
خىرىدارنى گوللىماق بۇيۇرتتا بەكمۇ بىر سەتتى،
سائەت سايمىنىنى يەڭگۈشلىمەك تېخىمۇ ئەسكى ئادەتتى،
ئۇستام ئۇستىدلىق بىرلە بۇ ئىشنى ئويلىدى، يەتتى،
ئېچىپ ئېيتسام بۇ ئۇستامنىڭ ئېيىۋى كوپ تېخى چىقار.

دىمەك ئۇستام يۈزىنى بىر تومۇرنىڭ ئۇستىگە قويدى،
ئۇنى باپلاپ سېتىپ بەلكىم بىرەر - ئىككى قوساق تويدى،
ئېيتىپ لاپ گەپ كىشى ئالداپ، يامان ئىشنى قىلىپ قويدى،
ئۇزىنى گاڭ قەلەم بىرلە قەغەزگە سەت قىلىپ ئويدى،
مۇشۇنداق ئىشنى كىم قىلسا غەزەپ - لەنەت ئاڭا ياغار.

ھۇنەرۋەن ئۇستىدە نۇرغۇن يېزىلغان كوپ غەزەل داڭلىق،
بۇيۇرتنىڭ ئۇستىسى ھەر چاغ بولەكلەردىن ھامان ئاڭلىق،
قولى گۈل، ھۇنىرى ياخشى، قىلۇر ھەركىمگە ئوبدانلىق،
خېرىدارى بىلەن ئەپتۇر كورۇنمەس باشقا ئاڭقاۋلىق،
تۇزەتسە بۇ سائەتچىمۇ ھۇنەردىن گۈل - چىمەن تاقار.

## سازەندە قەلبى

ناخشا ئېيتساڭ تەمبۇرىمنى سايرىتىمەن باشقىچە،
مىڭلىغان ئوتلۇق يۇرەكنى يايرىتىمەن باشقىچە.

نەۋ باھار، پارلاقزامان، زوناق ھاياتنىڭ پەيزىنى،
زوق بىلەن پۇتكۈل جاھانغا تارىتىمەن باشقىچە.

دەۋرىمىز پەرھاتلىرى يازغان بۇيۇك داستانلارنى،
شات قىلىپ ئەل كوڭلىنى ياڭرىتىمەن باشقىچە.

ئەتىگە - شانلىق سەپەرگە كۈچ قوشۇپ، توھپە قوشۇپ،
سوتسىيالىستىك ۋەتەنني گۈللىتىمەن باشقىچە.

# شېئىرلار

## زوردۇن ئىمىر

### مەڭگۈ تۈگىمەس ناخشام

ۋەتەنىمنىڭ مېھرىنى كۆيگە قاتقانلىق،
ئەمەس نام ـ شوھرەتتىن تاما تاتقانلىق.
چۈشەنسەڭ ھاياتتا ئەڭ ئېغىر نومۇس،
بىكار يەپ ھەركۈنى ئۇخلاپ ياتقانلىق.

ۋەتىنىم مەن سېنىڭ كۈيچى بۇلبۇلۇڭ،
ئىشقىڭدا سايرايمەن ئەتەيۇ ـ ئاخشام.
كۆيلىسەم مېھرىڭنى قوشاققا قېتىپ،
تۈگىمەس يۈرەكتىن ئۆرغىغان ناخشام.

### ئۆچمەس يالقۇن

ئىسسىنىش كويىدا يېقىلغان گۈلخان،
ئۆچىدۇ بىردەملىك ھوزۇردىن كېيىن.
ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدا يانغان مۇھەببەت،
يالقۇنجار مەڭگۈگە ئەسلا ئۆچمەستىن.

ۋەتىنىم سەن مېنىڭ غەمگۇزار ئانام،
ئانىلىق مېھرىڭدىن يېتىلدىم تەمەن.
قەلبىمگە تۇتاشتى مۇھەببەت ئوتۇڭ،
ئۆچمەيدۇ مىڭ يىللار ئوتكىنى بىلەن.

### بىلىم ـ ئەقىل چىرىغى

كېچىنىڭ زىننىتى ئاي بىلەن چولپان،
خىسلىتى ئۇنىڭ ھەممىگە ئايان.
ئوتىدۇ ئۆمرى كېچە بىلە نىلا،
تاڭ خەۋىرى كەلسە موكىدۇ شۇئان.

بىلىمنىڭ ھېكمىتى ئوخشىماس ئاڭا،
تۆرىدۇ نۇر چېچىپ ھەر چاغ، ھەرزامان.
ئۇنىڭدىن يورۇيدۇ قاراڭغۇ دىللار،
ئۇنىڭدىن نۇر ئېلىپ گۈللەيدۇ دەۋران.

### ئىشلە دېھقىنىم ھارماي

ئىشلە دېھقىنىم ئىشلە،
ئىشلەش نۆۋىتىڭ كەلدى.

چىڭ ئىشلەپ، تېپىپ جىق پۇل،
بېيىش پۇرسىتىڭ كەلدى.

ئۆزگىرىشالدى بۈگۈن زامان،
ئاق چەشكە تولۇپ خامان.
كوپەيدى مۈلۈك، چارۋاك،
زەپمۇ ئامىتىڭ كەلدى.

كەڭ ئەمدى ساڭا پۈرسەت،
غەيرەتكە قوشۇپ غەيرەت؛
ئىشلە دېخىنىم هارماي،
كۆتكەن چاغلىرىڭ كەلدى.

*\~\~\~\~*\~\~\~\~*

## بەخىت

ئەنۋەر ئابدىرېھىم

«بەختىمىز باركەن» دېدىڭ تاڭدا ـ گۈلۈستان قوينىدا،
شۇ بەختنى قول سېلىپ كەلدى ئۆزى دەپ ئويلىما.

تارتىمىدۇق ئاز دەرت ـ ئەلەم بىز ئېلىشىپ زۇلمەتبىلەن،
ئاتتى تاڭ، كۈلدى بەخت، پاك قان بىلەن،جۈرئەت بىلەن.

بەختىيار نۇرلۇق ۋەتەنىنىڭ قوينىدا بايرام بۈگۈن،
چاقىرار بىزنى كۈرەشكە شات خۇرام قاينام بۈگۈن.

سەپ بېشىدا بەختىمىزنىڭ پاسىۋانى پارتىيەم،
بولغاچ ئانا يۇرتىمىزغا يات بۈگۈن قايغۇ ـ ئەلەم.

شۇ گۈلۈستان قوينىدا بىز ياشنىغان گۈل ـ غۇنچىمىز،
ئېچىلايلى ھەممە يەردە، چاقنىسۇن كەڭ يۇرتىمىز.

\~\~\~\~\~◇◇◇\~\~\~\~\~

# شېئىرلار

ئابدۇرۇپ پولات

## دوستۇمغا

دوستۇم،دوستۇم كوزۇڭ ئاچ،
ئورنۇڭدىن دەس تۇر ئەمدى.
غاپىللىقنىڭ كوكسىگە،
كېلىشتۇرۇپ ئۇر ئەمدى.

پۈتكۈل خەلق قوزغالدى،
ئىلىم-پەنگە يول ئالدى.
بۇ چوڭ يۈرۈش سېپىدىن،
سەنمۇ قالما يۇر ئەمدى.

سەلمۇ ئادەم باشقىدەك،
تەلدە كۆچ بار تاشقىدەك،
سەن نېمىشكە پەگادا؟
ئۆزەڭ ئويلاپ كور ئەمدى.

كىتاپ ئوقى، بىلىم ئال،
ئەلگە خىزمەت قىلىپ قال.
ئالتۇن ياشلىق باھارىڭ،
ھەقلىق چاچسۇن نۇر ئەمدى.

## رۇبائىلار

ئات سىنىلىدۇ ئۆزۈن سەپەردە،
ئەر تاۋلىنىدۇ مەرىكە-جەڭدە.
جەڭ بىلەن بەخت قىلمىساڭ ھاسىل،
ئېيتقىن ھاياتىڭ قىممىتى نەدە؟

كوز بوياپ-ئالداپ پۇل تاپتىم دىمە،
باي بولدۇممەن دەپ كۆرەڭلەپ يۈرمە.

ھەقىقى بايلىق بىلىممۇ-پۇلمۇ؟
بىلەمسەن ساۋاق، ئەزەلدىن نىمە؟

«ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىرچېغى»
ئۇگەن! ئۇكىتاپ-دىلىڭ چىرىغى.
باھارىڭ خازان بولسا بىھۇدە،
قىينايدۇ بىر كۈن ۋىجدان سورىغى.

## پارچە

مىسال ئالتۇن ئۈزۈك بولسا ئومۇر ، ئۇنىڭ كوزى ياشلىق ،
گۈزەل ياشلىق چاچار زەر نۇر ئېلىپ پەندىن ئوزۇق-ئاشلىق .
مەگەر بىلىپ ئومۇر قەدرىن پۇشايمانسىز ئوتەي دىسەڭ،
ئۇگەن بىلىم ، تىنەپ يۈرمە ، قىلىپ كوچىدا بەگۋاشلىق .

## گەل جانان

ئەخمەت مۇساق

ئەملىلىشىپ سىياسەت بولدى ئارزۇ ھەل جانان،
شۇ ئەمەسمۇ يۈرەكتىن كۈتكىنىمىز دەل، جانان.

ھودە ئېلىپ ئېتىزنى ئىشلىگەنتىم تەر توكۈپ،
ئاش - پۇلىمىز كوپۈيۈپ، بولدى توققۇز تەل، جانان

ئىشلەپ ئىدۇق قوساق توق، ئۇيات - نومۇس هورۇدلۇق،
يەنە راسا ئىشلەيمەن، قويۇۋەتمەي بەل، جانان.

ئاتا - ئاناك بەرمىگەن، كورۇپ بۇرۇن كەمبەغەل،
ئەندى بولدۇق بىزمۇ باي، توي قىلىلى كەل جانان.

---

## مەكتەپ قويىندا

ئوسمان هوشۇر

كۇلدى يايراپ بەختىم - ئىقبالىم مەكتەپ قويىندا،
تاپتى نۇسرەت كۆنىسېرى تەبئىم مەكتەپ قويىندا.

شۇنچە تەشنادىم بۇلاقتىن ئىچكىلى سۇ قانغىچە،
قاندى دىل شەربەت ئىچىپ دائىم مەكتەپ قويىندا.

بار ئىدى كوپتىن تىلەگىم يەن - بىلىم تەهسىل قىلىش،
ئاشتى ئارزۇ - ئارمىنىم، غايەم مەكتەپ قويىندا.

مەن ئىدىم رەڭسىز، پۇرا قسىز باغدىكى ياۋاچېچەك،
رەڭمۇ توزدۇم مەن ئېلىپ تەلىم مەكتەپ قويىندا.

هەرىدەك گۇلشەن ئىچىدىن تىرىشىپ يىغدىم هەسەل،
ئاشتى باغۋەن مېهرىدىن بالىم مەكتەپ قويىندا.

توهپە قوشقايمەن ۋەتەنگە، ئەل - خەلققە يەن بىلەن،
بوپ بىلىملىك ئىنژېنىر - ئالىم مەكتەپ قويىندا.

شۇڭا باغلاندى بىلىمگە مەڭگۇلۇك رىشتىم مېنىڭ،
يوق بىلىمدىن ئوزگىچە يارىم مەكتەپ قويىندا.

مەن ئۇچۇن شۇدۇر بەخت قىلمەن لەۋزىمگە ۋاپا،
يەن ئۇچۇن تەقدىم مېنىڭ بارىم مەكتەپ قويىندا.

# گەز دەريا بويىدا

( « تۆركى تىللار دىۋانى » نىڭ نەشىردىن چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن )

ئابلىمىت ئىمىن

گەز دەريا بويۇڭنى بويلاپ كېلىمەن،
يەلكەمدە مىلتىغىم، ئۇچقۇر ئات مىنىپ.
ياپ-يېشىل تاغلارغا قاراپ كېلىمەن،
ساپ هاۋا لىرىڭنى سۈمۈرۈپ قېنىپ.

بەزىدە بويۇڭدا تۇرۇپ قالىمەن،
شاقىراپ هەيۋەتلىك ئېقىشلىرىڭغا.
زوق بىلەن تەلمۈرۈپ نەزەر سالىمەن،
شوخلۇنۇپ ئۇنچىلەر چېچىشلىرىڭغا.

بويلىرىڭ گۈزەللىك بابىدا سۇلتان،
سايرايدۇ چاڭلداپ خىلمۇ-خىل قۇشلار.
ئېيخ! دەريا ئالماشتى قەدىمدىن بۇيان،
سېنىڭدە قانچىلىك ياز بىلەن قىشلار.

× ×

قانچىلاپ تارىخنىڭ شاهىدى بولۇپ،
تۇرىدۇ بويۇڭدا ئەسىرلىك تاغلار.
هە، ئەشۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ،
ماڭغانتى كارۋانلار مۇندا بىر چاغلار.

كوز قىرىم تاشلاندى تاغلارغا ئۇدۇل،
خىيالىم ئۇچتى ئۇزاق زامانىغا...
تاغلارنىڭ باغرىدا يىلان باغرى يول،
يادىگار بوپقاپتۇ مۇشۇ زامانغا.

يازلىق يول ، قىشلىق يول ئىككى يول ئىكەن،
پامىردا قەدىمقى داڭلىق يىپەك يول ①
قانچىلار بۇ يولدا مەخسەتكە يەتكەن،
ئەلۋىدا دىگەندۇ
قانچىلاپسودىگەر ، قانچىلىغان قۇل.

قانچىلاپشائىرلار، ئالىم ، ئەدىپلەر،
هەر يىلى بۇ ياقتىن سەيلىگە ئۆتكەن.
تارىخنى يىپەك، ئەتلەسنىڭ-
قامۇسلىرى بېتىگە پۈتكەن،...

خىيالىم،... ئەنە ئۇ قاتار توگىلەر،
بويىندا قوڭغىراق جاراڭلار تىنماي.
ئالدىدا كەلمەكتە كارۋاننىڭ بېشى،
شۇ خەتەر يوللارنى كوزگە ئىلماي.

توگىلەر ياماشتى قارا "داۋان" غا ②
ئۈستىگە ئارتىلغان يۈكلىرى پەۋەس.
سۈجۈنىڭ كەشتىسى ،
خوتەن گىلىمى
قارىدىم مەن ئاڭا قىلىپ چىن هەۋەس.

---

①قەدىمقى يىپەك يولى پامىرنىڭ گەز دەريا ۋادىسىدا يازلىق يول ، قىشلىق يول دەپ ئىككىگە بولۇنگەن. يازلىق يولدا ياز كۈنلىرى تاغ باغرى ۋە تاغ ئۈستىدىن داۋان ئاتلاپ ماڭغان. قىشلىق يولدا قىش ۋاختىدا سۇ مۇزلىغاندا دەريا بويلىرى ئىچىدە ۋە مۇز ئۈستىدە ماڭغان.

② قارا داۋان ـ قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ يازلىق يول ئۈستىدىكى ئېگىز تاغ بېلىدىكى تىك قىيا ئۈستىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تار ھەم خەتەرلىك داۋان . بۇ يولنىڭ بىر قىسمى هازىرمۇ گەز دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا كونا زاماننىڭ شاهىدى بولۇپ تۇرماقتا .

كەلمەكتە قىچىرلار ، كەلمەكتە ئەنە،
قىشلىق يول-دەريانىڭ ئىچىدە مۇزدا.
كەلمەكتە كالچوكلەر ، يىرىقلار ئاتلاپ،
كەلمەكتە قەدەمدە قار كېچىپ تىزدا .

خىيالىم ، ئەنە ئۇ يازلىق يول بىلەن،
كىلىدۇ بىر كارۋان بىز قەشقەر تامان.
باشتىكى نار توگە ئۈستىدە مەزمۇت،
ئولتۇرار بىر كىشى قامىتى پەلۋان.

چېھرىدىن نۇر يېغىپ يېقىنلاپ كىلەر،
شۇ ئاپپاق سەللىلىك گىگانت كىشى.
ئەتراپقا قارايدۇ شۇنچە زوق بىلەن،
ئەللىكتىن ئاشقاندەك قىلىدۇ يېشى.

ئۇ چۈشۈپ توگىدىن دەريا بويىغا،
سۇ ئىچىپ ئولتۇردى ئارام ئېلىشقا.
ئالدى ئۇ خورجۇندىن بىرقېلىن قامۇس،
قولىدا پەي قەلەم، چۈشتى يېزىشقا ...

هوشيارە ! بىلدىم مەن بۇ ئۇلۇغ ئادەم،
ئەمەسمۇ بۇۋىمىز مەخمۇت قەشقەرى.

ھە،راس ئۇ شۇقېتىم بۇيولدىن ئۆتكەن،
بۇ ئىكەن ئەمەسمۇ قايتىش سەپىرى.

× ×

-ئەسسالام!-دىدىممەن كوكسۇمدە قولۇم،
ئۇ دىدى : ۋەئەلەيىك ، كىلىك
پەرزەنتىم!
مەن دىدىم:ھارمىغايلا ،خۇش قايتىپ كەپلا،
ئۇ دىدى : قەشقەرنى سېغىنغان ئىدىم.

مەن دىدىم : سىز پۈتكەن بۇ قانداق
قامۇس،
ئۇ دىدى : بۇ « تۈركى تىللار دىۋانى».
تەكشۈردۈم ئەل كېزىپ خەلقىم تىلىنى،
ئۇنىڭدا مۇجەسسەم مىللەت زابانى...

ئېتتىم بىر چاپچىدى ، بۇزۇلدى خىيال،
ئاھ! ئەپسۇس ، ماشىنا بەردىسىگنال.
شۇ نادىر چوڭ قامۇس كوكسۇمدە مانا،
كورگەندەك بولدۇممەن بوۋامنى ۋال -
ۋال ...

**********

## سايرا ، مېنىڭ قومۇزۇم !

ھاجى ئېيسا ( قىرغىز )

سايرا مېنىڭ قومۇزۇم،
يەتسۇن ئۇنىڭ پەلەككە.
پارتىيىمىز يەتكۈزدى،
بىزنى ياخشى تىلەككە.

زەرەپشاننىڭ دەرياسى،
ئالتۇن چايقاپ ئاقىدۇ.
قىرغىز خەلقى تا ئەبەت،
پارتىيەمگە باقىدۇ.

قارا قورۇم تاغلىرى،
كوك مۇز بىلەن قاپلانغان.
قىرغىزلارنىڭ دىل رىشتى،
پارتىيەمگە باغلانغان.

تاغ باغرىدا ئاق ئويلەر،
بىر - بىرىگە تۇتاشتى.
كۈيلە ياڭراق قومۇزۇم،
كومپارتىيە - قۇياشنى!

# ئارزۇ

زۇلپىقار

كۆز كۈنى، ئالەمنى قاپلىغان مانان،
ئۇپۇقتا تاغ - ئىدىر كورىنەر خىرە.
سوغ شامال ئۇچۇرتۇپ شىلدىرلار غازاڭ،
مۇڭ بەخش ئېيتىدۇ بۇ خىل مەنزىرە.

دېرىزە تۈۋىدە باقىمەن ئۇزاق،
خىيالچان كوزۇمدە ئۇزاق - ئۇزاققا.
ھىسلىرىم قۇش بولۇپ ئورلەيدۇ كوككە،
ئارزۇلار ھەۋىسى ئوخشار بۇلاققا.

ئىخ، شۇڭقار بولسامەن كەزسەم ساماني،
باغرىمدا يارسامەن شۇندا ساباني.
ئەقىلگە تولسامەن، مۇرات يولىدا-
قۇزغۇنلار ئۇۋۇلسام، سويسەم زىباني.

بىر ناخشا بولسامەن ياڭراق ۋە مۇڭلۇق،
بىر شېئىر بولسامەن مەنىسى تېرەن.
بىر دەريا بولسامەن دولقۇنلىرى شوخ،
ياكى بىر گۈلۈستان،گۈزەل باغ-چىمەن.

قىسقىسى ياقسامەن ئەلنىڭ كوڭلىگە،
جىسمىمدىن ئەيلىسەم خوشاللىق بەخش.
تاج دەيتتىم ئوزەمنى سۇلتان بېشىدا،
ۋەتەننىڭ تېغىغا بولسامەن نەقش.

ۋە ياكى بولسامەن ئوتكۇر بىر قىلىچ،
ئالماسنى قايتۇرسا چىڭلىقتا بىسىم.
خەلقىنىڭ رەقىبىن قويمىسام ئامان،
رازىدىم جەڭگاھتا كەتسىمۇ بېشىم.

# ئۇرۇغ تاللاش ھەققىدە

( دىخان تىلىدىن )

م . مەسۇم

بەلنى مەھكەم باغلىدىم،
ھوسۇلنى كوپ ئىلىشقا.
ياخشى ئۇرۇغ تاللىدىم،
تۇجۇپىلەپ تېرىشقا.

ئوتكەن يىلى تاللىماي،
ئۇنەلمىدى پۇچىگى.
ئوز ۋاختىنى چاغلىماي،
بولدى جانسىز كوتىگى.

بۇ يىل ئۇرۇغ تاللاپتىم،
ئۇندى مايسا رەتمۇ - رەت.

پەرۋىش قىلىپ ئاسراپتىم،
زايا بولمىدى پەقەت.

پارتىيىمىز كورسەتتى،
ئۇرۇغ تاللاپ تېرىشنى.
تەلىم بېرىپ ئۆگەتتى،
ياخشى ئىشلەپ يېيىشنى.

ياخشى ئۇرۇغ باھاسى،
تەڭ ئەمەسكەن باشقىغا.
تاللىۋالغان ئۇرۇغنىڭ،
خەتني يازدىم ئاستىغا.

# ئەدەبىي ئۆچېرك ھەققىدە

قاۋسىلقان قامىجان

## 1

ئەدەبىياتىمىزنىڭ قايسى تۈرى، قايسى ژانىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ دىگەندەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، تۇتقان ئورنى، رولى، تەسىرى، ئەھمىيىتى بولىدۇ. ئۇلار سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشتە بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسۈتۈش رولىغا ئىگە. ئەگەر بۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا ياكى ئۇنىڭ تەرەققىياتى باشقا ژانىرلارنىڭ كەينىدە قالسا، ئۇ چاغدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇنى ئىستەپ، سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى كىتابخانلارنىڭ خىلمۇ - خىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان قىزىقىشى، ھەۋىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ شۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ لەززەتلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: بەزىلەر رومان، پوۋىست، ھېكايىلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئامراق كېلىدۇ، بەزىلەر سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى ياكى ئۇنى سەھنىلەردىن كۆرۈشنى ياقتۇرسا، بەزىلەر نەسرى ئەسەرلەرنى، ئاخبارات ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كۆپرەك ئىشتىياق باغلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىلمۇ - خىل ژانىر، ئۇسلۇبلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق بازىرى، خېرىدارى، جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بولىدىغانلىقىنى يېتەرلىك چۈشۈنۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ياكى بىرسىگە ئېتىبار بېرىپ، باشقىلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ۋە ئۆز كۆڭلىمىزگە ياققانلىرىنى ماختاپ، ياقمىغانلىرىنى چەتكە قايرىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنى سىز ياخشى كۆرمىسىڭىز، باشقىلار ياخشى كۆرىدۇ-دە! ئۇنداق قىلىش ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ قانۇنىيىتىگە، ئەدەبىي ئەسەرلەرمىزانىغا تامامەن خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم.

دىمەك بۇ يەردە دىمەكچى بولغان مەقسىدىمىزگە كەلسەك، ئاخبارات ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلىنىڭ بىرى بولغان ئەدەبىي ئۆچېرىكمۇ كىتابخانلار جامائەتچىلىكىگە خېلى ئۇزۇندىن تارتىپ پىششىق تونۇش بولۇپ كەلگەن ژانىر. شۇڭا ئەدەبىي ئۆچېرىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل قەدىرلىنىپ قوللۇنۇلۇپ كېلىنىۋاتقان ئەدەبىي شەكىل ئىكەنلىكى بىزگە ئايدىڭ بولسا كېرەك.

بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە بەكمۇ ئىلگىرىلەپ كەتمەي، پەقەت ئېلىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي ئۆچېرىكچىلىك ئىشىمىزنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات ئەھۋا-

لىغا ئازراق بولسىمۇ نەزەر تاشلاپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ گۈلگىچە ئېسىمىزدە تۇرۇپتىكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتىن بۇرۇن ئىلىمىزدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تەرەققىي قىلىپ ماڭغان ژانىرلارنىڭ بىرى ئەدەبىي ئوچېرك بولغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە گېزىت، ژورنال بەتلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدىن ئورۇن ئالغان دەۋرىمىزنىڭ جەڭگىۋار يېڭى رېياللىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا دەسلەپكى قەدەمدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە-نەتىجىلىرىمىز ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كىتاپخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ياخشى ئەدەبىي ئوچېركلار كەينى-كەينىدىن كۆپلەپ چىققان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئوچېركلارنىڭ بەرگەن لەززىتى تېخىچە كىتاپخانلار ئاممىسىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

ھەقىقەتەن ئەدەبىي ئوچېركنىڭ شەكلىنى ئەزەلدىن تارتىپ كەڭ قەلەم ئىگىلىرىمىز ئەتىۋالاپ قوللىنىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك. ئۇ پەقەت ئاخبارات ئەدەبىياتى، جۈملىدىن مەخسۇس مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدىن بۇ ساھەگە قەدەم تاشلىماي ئۆتكەنلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن ئالايلى، ئۇيغۇر يازغۇچىسى قېيۇم تۇردى ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا دەسلەپتە بىر نەچچە پارچە ھېكايە، ئەدەبىي ئوچېركلارنى يېزىش بىلەن كەلگەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ 1981- يىلى 7 پارچە ھېكايە، 7 پارچە ئوچېركىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «زەرەپشان بويىدا» ناملىق ھېكايە، ئوچېركلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن مۇنداق پاكىتلارنى كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ دا رەھبەرلىكىدە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا قايتىدىن جان كىرىپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا كىشىنى تولىمۇ خوشاللاندۇرارلىق زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ھەتتا بۇ ساھەدە ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان دەرىجىدە ئالاھىدە يۈكسىلىش بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب پارتىيىمىزنىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىز مىللىي سىياسىتى ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چېچىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىنى ھەقىقىي تۈردە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز تۈرلۈك روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ زېھنى كۈچىنى، ئىجادىي غەيرىتىنى راسا جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

لېكىن ئەدەبىي ئوچېركقا نىسبەتەن ئېتىۋارسىز قارالغانلىقتىن، بۇ ژانىر تېخىچە بوسۇپ چىقالمايۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلە ھەممىمىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئەدەبىي ئوچېركنى يېزىشقا قەلەمىمىزنىڭ ئۇچى بارمىدى دېگەن ئۇقۇم چىقمايدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا بەينىدە قېيۇم تۇردىنىڭ «تاڭ ئالدىدىكى شەپەق»، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدىقادىردا مۇللام»، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «ساياھەتنىڭ بىرىنچى مەزگىلىدە»، ئابلا ئەخمىدىنىڭ «مىنىڭ ئۇستازىم»، مىركامىل ياقۇپنىڭ «كۈرەش مېۋىسى»، غەيرەت ئابدۇللانىڭ «ئاشۋاي»،

تاھىر ئوسمانىنىڭ «نۇرخانىنىڭ يېڭى باھارى»، مەھەممەت باغراشنىڭ «قاتناش سېپىدىكى نەۋقىران بۇركۇت»، ئوبۇلقاسىم تۇرسۇنىنىڭ «باشلىنىش» ئەسەرلىرىگە ئوخشاش كىتابچىلارنى چۇڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان ياخشى ئەدەبىي ئوچېرىكلەرمۇ يېزىلدى. بىراق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى، دەۋرىمىزنىڭ تەلىۋىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئوچېرىكچىلىك ئىشىمىزنىڭ قەدىمى ناھايىتى كەينىدە قالغانلىقىغا ھەممىمىز ئىقرارمىز. راستىنى ئېيتقاندا ئاندا - ساندا يېزىلىپ قويغانلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئەدەبىي ئوچېرىك خېلى تاشلىنىپ كەتتى.

بىزنىڭچە ئەدەبىي ئوچېرىكنىڭ زادى قولدىن بەرمەيدىغان، ئاممىباپ ياخشى ژانىرلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا سەل قارىشىمىزغا ياكى ئۇنى كېرەكسىز قىلىپ تاشلىۋېتىشىمىزگە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە بىزگە ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئوچېرىكلەر ھېلىمۇ كېرەك، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىۋېرىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ ژانىردا قەلەم تەۋرىتىدىغانلار نىمە ئۈچۈن ئازىيىپ كەتتى ؟

بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەۋەپلەر بولسا كېرەك:

دەرۋەقە كېيىنكى مەزگىللەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىمىزگە كېلىپ قوشۇلغان يېڭى كۈچلەر بۇ ژانىرنى ئانچە نەزىرىگە ئالمىدى، سەل قارىدى، كوڭۇل بولمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى ئەدەبىي ئوچېرىك دىگەن نىمە، ئۇ قانداق يېزىلىدۇ؟ دىگەن مەسىلە ھەققىدە يېتەرلىك بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئەدەبىي ئوچېرىكنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاجىزلىق قىلغان تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس. كونا، پىشقان يازغۇچىلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن قىزىقىپ يازغان بولسا، كېيىن زېرىكتىمۇ تاشلىۋەتتى. بەزىلىرى باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردا يىرىكرەك ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۈچ ئاجرىتالمىدى. مانا بۇلار ئەدەبىي ئوچېرىكچىلىكىمىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەپچى بولغان بىر قاتار ئەمەلىيەت. شۇنداق بولسىمۇ دەۋرنىڭ تەلىۋى، ئاممىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرىگە ئاساسەن، بىز ئەدەبىي ئوچېرىكچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى يەنىلا قايتىدىن تەكىتلەيمىز، تەكىتلىگەندىمۇ كۈچلۈك تەكىتلەيمىز. گەپنىڭ قىسقىسى كىتابخانلار جامائەتچىلىكى باشقا ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قانداق مۇھتاج بولغان بولسا، ئەدەبىي ئوچېرىككىمۇ شۇنداق مۇھتاج. شۇڭا ئەدەبىي ئوچېرىككە كوڭۇل بولۇنۇشى، بۇ جەھەتتە مەيلى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ بولسۇن، مەيلى ئاخبارات خادىملىرىمىزنىڭ بولسۇن بىردەك ئورتاق نىشاننى بويلاپ بىردەك قەلەم تەۋرىتىشى، گېزىت - ژورناللاردىن ئەدەبىي ئوچېرىككە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىشى لازىم.

ئەدەبىي ئوچېرىك ئوخشاشلا خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن بەزى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ۋە ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى بەزى يازغۇچى، شائىرلارنىڭمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا قەدەممۇ - قەدەم ئۆسۈپ، يېتىلىپ ھىكايە، پوۋېست، رومانلارنى يېزىش ئۈچۈن تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە كورۇكلۈك رول ئوينىغان. ئەينى ۋاقىتلاردا مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى تۇرگىنوپ:" ئوچېرىك پوئىزىيە ئەمەس، ئۇ، پوئىزىيىدىنمۇ يۇقۇرى تۇرىدۇ» دەپ كورسەتكەن ئىدى.

بۇنىڭ مەنىسى: كىتاپخانلار ئاممىسى كوپۇنچە شېئىرنى ياخشى كورىدۇ. ھەممىدىن رىيال تۇرمۇش چىنلىغىنى ئۇيان-بۇيان قىلماستىن، قىزىقارلىق، تىپىك ۋەقەلەر، بەدىئى تەسۋىر، گۇزەل ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئەدەبى ئوچېركنى ئۇنىڭدىن بەكرەك ياخشى كورىدۇ، دىگەنلىكتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئوچېركتە دەۋر روھى، خەلقىمىزنىڭ كوتىرەڭگۇ كەيپىياتى، باي، جەڭگىۋار تۇرمۇش سادالىرى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تولۇپ - تاشقان غەيرەت - جاسارىتى، ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۇرگەن غەلىبە - نەتىجىلىرى بىز كىتاپخانلارنى ئوز ئىگەشۇنچىلىك مەپتۇن قىلىدۇ، تەسىرلەندۇرىدۇ ۋە ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا ئەدەبىي ئوچېركنىڭ مۇھىملىغى، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنىڭ ھازىر كىتاپخانلىرىمىزنىڭ ئۇسسۇزلىغىنى قاندۇرالماي ۋاتقانلىغىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئازراق توختالدۇق.

دىمەك كوندۇلۇك تۇرمۇشىمىزدىكى ئىشلاردىن تارتىپ، سىياسى ھاياتىمىزدىكى يېڭى زور ئوزگۇرۇشلەرگە قەدەر بولغان ئۇلۇغۋار تېمىلارنى ئوزۇۋاقتىدا ھەقىقى يوسۇندا سۇرەتلەپ بېرىشتىكى ئەدەبىي ئوچېركنىڭ تۇرتكىلىك رولىغا، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە ئىلھاملاندۇرۇش كوچىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

2

ئەدەبىي ئوچېركتە تەسۋىرلەنگەن رىيال تۇرمۇش چىنلىغىنىڭ ئوزىدىن ئىلىنغان تىپىك تەپسىلاتلار كورۇنۇشىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، ماھىيەتلىك تىپىك ۋەقەلەر ۋە تىپىك شەخسلەرنىڭ ئۇلگۇلۇك پائالىيىتى كىتاپخانلار جاما ئەتچىلىگىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ئوزىگە كوچلۇك تارتقانلىغى، جەمىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغاشتەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىغى ئۇچۇن، ئۇ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ئوز قىممىتىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالايدۇ. ھەتتا كىتاپخانلار ئاممىسى ئەدەبىي ئوچېركنىڭ بەزىلىرىنى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ قىممەتلىك مۇھىم تارىخىي ماتىرىياللار سۇپىتىدە خاتىرلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەدەبىي ئوچېركنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇزلۇكسىز ئالغا يېتەكلەش، جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇرۇشكە تۇرتكە بولۇش جەھەتلەردە ئوينىغان رولىغا شەك كەلتۇرۇشكە بولمايدۇ.

بەزىلەر ئەدەبىي ئوچېركنى ئەدەبى ئەسەرلەر ئىچىگە كىرمەيدۇ، بىر پارچە ئوچېركنى يېزىش ئۇچۇن كەتكەن زېھنى كۇچنى بىر پارچە ھىكايە يېزىش ئۇچۇن ئىشلەتكەن ياخشىراق، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ئەدەبىي ئوچېرك ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قانداق قەدىرلىگەن بولساق، ئەدەبىي ئوچېركنىمۇ شۇنداق قەدىرلەيمىز. باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشتا ئاپتورلارغا بەدىئىلىك جەھەتتىن قانچىلىك يۇقۇرى تەلەپ قويۇلغان بولسا، ئەدەبىي ئوچېركنى يېزىشتىمۇ شۇنداق تەلەپ ۋە شۇنداق ئولچەمنى قويغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئوچېرك نىمە ئۇچۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغا قوشۇلىدۇ؟

[illegible]

ئامىللارغا باغلىق. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى- ئەدەبىي ئوچېركتە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كەڭ-كۈشادە قوللىنىلىدۇ، ئەدەبىي جەھەتتىن گۈزەل، رەڭدار يېزىلىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە ئەدەبىي ئوچېركلەردە بېرىلگەن مەنزىرە تەسۋىرى، مۇھىت يەنى ئورۇن-جاي تەسۋىرى، ئۆي-جاھاز تەسۋىرى، لىرىك ھىسسىيات تەسۋىرى، دىيالوگ مونولوگ تەسۋىرى قاتارلىقلاردا قىسمەن توقۇلما، يەنى ئىش قوشۇش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مانا بۇلار ئوچېركنىڭ ئەدەبىيلىك جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ،

ئەدەبىي ئوچېركنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تۈپ پەرقى - ئۇنىڭ چىنى-پاكىت، يەنى رىياللىقتا بولۇپ ئۆتكەن چىنلىقنىڭ ئۆزى. شۇڭا ئەدەبىي ئوچېركتە بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ يۈز بەرگەن ئورنى، شارائىتى، ۋاقتى ئېنىق بولغان راس ئىشنى ئاساس قىلىپ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭغا قاتناشقان پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئادرېسى بار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينەن ئۆزىنى ئىستەپ تاپقىلى، ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش كەڭ تۈردە تىپىكلەشتۈرۈش، ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى دەۋرىمىزدە سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا يۈرۈش قىلىۋاتقان ئىلغار ئورۇنلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، خىزمەت نەمۇنىچىلىرى، ئۈلگىلىك مائارىپچىلار، توھپىسى زور پەن - تېخنىكا خادىملىرى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەن، خەلق ئامانلىقىنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ، دولەتنى ئىرىشچانلىق، ئىقتىساتچانلىق بىلەن گۈللەندۈرۈش، دولەت، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش يولىدا نەمۇنىلىك رول ئويناۋاتقان مالىيە - سودا خادىملىرىنىڭ، ئىلىم- پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان زىيالىيلارنىڭ ئىش ئىزلىرى تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۆز ئەينىدىكى بويىچە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا يالغان پاكىت قىستۇرۇپ ياپسالاشقا، سوزمىلىك قىلىپ قۇرۇق گەپ سېتىشقا، كۆپتۈرۈۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

دېمەك ئەدەبىي ئوچېركنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولىدۇ. ئۇ مەلۇمدا ئىرە بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭدا تۇرمۇش ۋەقەلىكىنىڭ چىنلىقىغا، دەللىلىكىگە، توغرىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇندا قىلا ئەدەبىي ئوچېركلەردە ساپ ئىجابىي نەرسىلەرلا يېزىلىپ قالماستىن، رىيال تۇرمۇشىمىزدا ئايرىم ساقلىنىپ كەلگەن سەلبىي نەرسىلەرمۇ يېزىلىدۇ.

تىپىك ئىلغار ئورۇنلارنىڭ، تىپىك ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئىش پائالىيەتلىرى مەدھىيىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئارقىدا قالغان قالاق ئورۇن، قالاق شەخسلەرمۇ قاتتىق تەنقىتلىنىدۇ ۋە قامچىلىنىدۇ.

رۇشەنكى، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، زىددىيەتلەرمۇ بايان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەل قىلىنىش چارىسى كۆرسىتىلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆزىمىز كۆرگەن، قۇلىقىمىز ئاڭلىغان بولمىغۇر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچېرك قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ. يازغاندىمۇ ئۇنداق ئىشلاردىن ئەدەبىي ئوچېركنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئەدەبىي

ئۇچېرىكتە پاكىتنى ئاساس قىلغان دەپ قاراپ رېيال تۇرمۇشتا بولغان ۋە بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئىچىدىن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرى تاللاپ ئېلىنمايى، ئۇنى مەلۇم بىرتىپىك قىزىقارلىق ۋەقە ئىچىگە ئېلىپ كىرمەي نوقۇل هالدا پاكىت، سان-سىفىرلار تىزمىسى بىلەن تولدۇرۇلۇپ قويۇلسا، ئۇ ئەدەبىي ئۇچېرىك بولماي، ماقالە ياكى خىزمەت دوكلادىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئەدەبىي ئۇچېرىكنىڭ قىممىتىگە، سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. خالاس. بەزىلەر ئۇچېرىككە يېقىنراق كېلىدىغان راس ئادەم، راس ئىشنى دەۋر قىلىپ يېزىلغان ۋەقە تۈكشۈننى ئەدەبىي ئۇچېرىك بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. مۇنداق ئىستىلدىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ئەدەبىي ئۇچېرىك بىلەن تۈكشۈن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

تۈكشۈن مەلۇم بىر خەۋەر ۋەقەلىكىنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە بولىكىنىڭ جەريانىنى كورسۇتۇشنى ئاساس قىلىپ يېزىلىدۇ. ئۇ ۋەقەنىڭ كونكىرىت ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ تىپىك ئەھمىيىتىنى كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇشنى، كۈچلۈك ھىسسىيات، جانلىق تەپسىلات تەسۋىرى بىلەن كىتاپخانلارنى تەسىرلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەگەر ياخشى يېزىلغان تۈكشۈنلەرنىڭ ئىچىدە بەدىئى ئۇچېرىككە ئايلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىرى بولسا، ئۇنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ، بەدىئى ئۇچېرىككە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇچېرىك بولغىدەك ماتېرىيالنىڭ يىپ ئۇچى چىقمىسا، ئۇنى زورلاپ ئەدەبىي ئۇچېرىك يازىمەن دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز دائىم رېيال تۇرمۇشىمىزدا مەلۇم ئەھمىيىتى بار، يېتەكچى رولى بار، تىپىك، تەسىرلىك ماتېرىياللارنى ئۇچرىتىمىز، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچېرىك بولغىدەك تەلەپكە يەتسە ئۇچېرىك قىلىپ يېزىشىمىز كېرەك. يەتمىسە بىرەر پارچە تۈكشۈن قىلىپ يېزىپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇنداق بولسا ئەدەبىي ئۇچېرىك دىگەن نىمە؟

ئەدەبىي ئۇچېرىك دىگىنىمىز — رېيال تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن زىچ باغلانغان راس ئىش، راس ۋەقەلەرنى يېزىشنى ئاساس قىلغان گۈزەل ۋە مۇكەممەل ئەدەبىي تۈس ئالغان جانلىق ۋە يارقىن ئوبرازلار ئارقىلىق مەلۇم تىپىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم قىممەتكە ئىگە ۋەقەلەرنىڭ بىرەر پارچىسىنى تەپسىلى، رۇشەن ۋە كۈچلۈك ھىسسىيات بىلەن يورۇتۇلغان تەسۋىرلەشتىن بارلىققا كەلگەن ئاخبارات ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئۇچېرىكتە كىشىلەر تولىمۇ كوكۇل بولىدىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان بىرەر كىشىنىڭ تەسىرلىك پائالىيىتىدىن تارتىپ نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كورۇنۇشلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلىدۇ.

ئەدەبىي ئۇچېرىكلەردە ۋەقە باياني گەۋدە قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ۋەقەنى پەيدا قىلغان زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ باشلىنىشى، راۋاجلىنىشى، يۇقۇرى پەللىگە كوتۇرۇلۇشى، يېشىمى بولىدۇ. بۇ جەھەتلەردىن ئەدەبىي ئۇچېرىكلەر ھىكايىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن مۇنداق قىلىشنى ئەدەبىي ئۇچېرىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئەدەبىي ئۇچېرىك ۋەقەلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى، سيۇژىت لېنىيىسى شۇ ئۇچېرىكتە سوز بولىۋاتقان تېمىنىڭ، يەنى ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىگى، تەلىۋىگە ئۇيغۇن-

لاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. قارىماققا، ئەدىبىي ئۆچېرىك كۆپۈنچە ھىكايىغا ئوخشاۋاق
كەتكەنىدەك كورۇنگىنى بىلەن، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بۇلار بىر - بىرىگە تۈپتىن
ئوخشىمايدۇ.

ھىكايىلاردا دەۋر رىيالىلىغىدىن، تۇرمۇش چىنلىغىدىن ماتىرىيال تالاپ، ئۇنى مەر-
كەزلەشتۈرۈپ تارىخىي تېمىلاردا، ھازىرقى زامان تېمىلىرىدا قەلەم تەۋرىتىشكە بولىدۇ.
ئۇنىڭدىكى ۋەقە رىيالىلىغى، چىنلىغى شۇ دەۋرنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ توقۇلما قىلىش
ئۇسۇلى بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. يەنە ۋەقەنىڭ، پىرسوناژنىڭ، مۇھىتنىڭ تىپىك بولۇ-
شىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق قانۇنىيەت بويىچە ئىش كورۇلمىسە، ئۇ، ئەدىبىي
ئىجادىيەت بولۇپ ھىساپلانمايدۇ.

ئەدىبىي ئۆچېرىكلەردىمۇ تارىخىي ۋەقەلىك، تارىخىي شەخسلەر ۋە بۇگۈنكى دەۋر
ۋەقەلىگى، بۇگۈنكى دەۋرىمىز كىشىلىرى يېزىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ ئۇزگەر-
تىش كىرگۈزۈلمەيدۇ، مەيلى قايسى دەۋر، قايسى مەزگىلدە يۈز بەرگەن ۋەقە، ياشىغان
كىشىلەر بولسۇن، ئىسمى، ئادرىسى، كۈرەشلىرى، پائالىيەت مەزمۇنلىرى ئەينەنلىگىنىساقلاپ
ئېلىنىدۇ.

ھىكايىلارغا ئوخشاش ئەدىبىي ئۆچېرىكتىمۇ ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدىئاللىق ئۇز ئارا
بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەدىبىي ئۆچېرىكتە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بولۇشى تۇرمۇش
ماتېرىيالىغا باي كىشىلەر مۇناسىۋىتى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ خىلمۇ- خىل بولۇش تەرىپى-
دىن بەلگىلەنگەن. ئەدىبىي ئۆچېرىكلەردىكى ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدىئاللىق ھىكايىلار-
دىكى توقۇلما، تىپىكلەشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، ئادەتتە كىشىلەردە تەبىئى ھالدا مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغان ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدىئاللىقتىن كەلگەن. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك
تىمىسى، سانائەت تىمىسى، ھەربى ئىشلار تىمىسى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە،
مالىيە - سودا ۋە باشقا تېمىلاردا يېزىلغان ئەدىبىي ئۆچېرىكلاردىكى ئىشچى، دىخان، ئەس-
كەر، زىيالى، كادىر، تىببى خادىملار، مالىيە - سودا خادىملىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان
قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئىش ئىزلىرى يىپ ئۇچى قىلىنىپ تەسۋىرلەندى دەيلى،
ئۇلار ھامان شۇ ساھەدىكى كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شۇ ساھە بو-
يىچە ئۇزلىرىگە خاس ئومۇملىغى بىلەن خاسلىغى رۇشەن ئىپادىلىنىش كېرەك.

شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى ئەدىبىي ئۆچېرىكلەر بىر خىل قېلىپتا ياكى ئوخشاش شەكىلدە
يېزىلمايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۇزىگە لايىق تۇرلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە كوپرەك تونۇش بولغان-
لىرى ئاساسەن ساياھەت ئۆچېرىگى، ئاخبارات ئۆچېرىگى، پىزاژ ئۆچېرىگى، ھەربى ئىشلار
ئۆچېرىگى، خاتىرە ئۆچېرىگى، تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرھەققىدىكى ئۆچېرىك، پوبلىس-
تىكىلىك ئۆچېرىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3

ھىكايە ۋە باشقا ئەدىبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش، ئەدىبىي ئۆچېرىكنى يېزىش مەسىلىسىمۇ
ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدىبىي ئۆچېرىكلەرنى يېزىشتىمۇ يەنىلا توغرا دۇنيا قا-

راش ، يۈكسەك ئىپادىلەش ماھارىتى بولۇشتىن تاشقىرى، مول تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئەتراپلىق ، كەڭ دائىرىلىك تۇرمۇش بىلىمى ، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى بولۇش كېرەك .

ھازىر ئەدەبىي ئوچېرىك ھەققىدە مەيلى كونا ئاپتورلىرىمىزنىڭ بولسۇن ، مەيلى يېڭى ئاپتورلارنىڭ بولسۇن، راسا ئەركىن كوڭۇل ئازادىلىكى يۈكسەك شىجائەت بىلەن قەلەم تەۋرىتىشنىڭ پەيتى كەلدى . ھازىرقى دەۋرىمىزدە بىزنى شۇنداق ياخشى ئوچېرىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كوپ . شۇڭلاشقا غەيرەت ئۇستىگە غەيرەتكە كىلىپ، پىشقان ، تەجرىبىلىك ، پىشقەدەملىرىمىز بۇ ساھەدە يەنە ئۇلگە كورسەتسە ، ياشلار ۋە ھەۋەسكارلار ئۇلاردىن سەممى ئۇگەنسە ، ياخشى ئەدەبىي ئوچېرىكلەرنىڭ كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن تېخمۇ كوپلەپ يۈز كورۇشىشىدە گەپ يوق.

ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك ھىكايە ۋە ئىپىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەرگە ئوخشاش تامامەن توقۇلما بولغان، يەنى تىپىكلەشتۈرۈش، ئىش قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، رىيال تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ئەينەن ئۆزىدىن تورۇلۇپ مەيدانغا كەلگەن ۋە راس مەۋجۇت بولغان نەرسە . شۇڭا رىيال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چوكۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ، ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغاندىلا، نۇرغۇن ئەدەبىي ئوچېرىك ۋەقەلىرىنى ، ماھىيەتلىك ، تىپىك ماتىرىياللارنى تېپىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

شەك - شۈبھىسىزكى، ئەدەبىي ئوچېرىككە رىيال تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ماتىرىيال بولغىدەك سان - ساناقسىز ھادىسلار بار . بۇ يەردىكى تۈپ ئاساسلىق مەسىلە ئەشۇ سان - ساناقسىز تۇرمۇش ماتىرىياللىرىنىڭ ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىزلىكىنى، تىپىك ۋە تىپىك ئەمەسلىكىنى ئايرىش، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنىڭ، تەسىر كورسىتىش رولىنىڭ، تەربىيەۋى رولىنىڭ ، ئىلھاملاندۇرۇش رولىنىڭ ، تۇرتكە بولۇش كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقاش مەسىلىسى ئاپتورنىڭ تاللىۋېلىش، سىزىۋېلىش، ماتېرىياللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئىپادىلەش ماھارىتىگە ، ئەدەبىي تېخنىكىسىغا باغلىق . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساھەدە ئىش كورىۋاتقان، يەنى ئەدەبىي ئوچېرىك يېزىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان يولداشلار ئۆز قەلەملىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى تەلەپ قويۇش كېرەك . تەييارلىق قەدىمىنى پۇختا بېسىش لازىم .

دىمەك نەق مەيداننىڭ ئۆزىگە بېرىپ ماتىرىيالنى سەمىمى ، سەگەكلىك بىلەن ئىگەللەش - ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ئەدەبىي ئوچېرىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەدەبىي ئوچېرىكنى يېزىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىش زورۇر :

ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە دەۋر روھى يۈكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق بولۇشى ، مەركىزىي ئىدىيە رۇشەن ئېچىپ بېرىلىشى ، پاكىت ، ئورۇن ، ۋاقىت ، قاتناشقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى سەمىمى ، توغرا ئىپادىلىنىشى كېرەك . تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر كىتابخانلار جامائەتچىلىكىنىڭ شۇ زامان كوز ئالدىغا كېلىدىغان ، تەسىر قىلىدىغان، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان، ئۇلارنى خۇددى شۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھىس قىلدۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلەيدىغان بولۇش لازىم .

ئەدەبىي ئوچېرىكتە تۇرمۇش چىنلىغىنىڭ تىپىك ماھىيەتلىك پارچىسىنى ئۆزۈۋېلىپلا شۇ
ئارقىلىق كۈن نۇرىنى بىر تامچە سۇدا ئەكس ئەتتۇرگەندەك كىشلەر ئۆزىگە ھەقىقى تۇردە
جەلىپ قىلىش لازىم .

ماقالە ، دوكلاتلارغا ئوخشاش پاكىت سوزلەپچۇشەندۇرۇش ، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىس-
پاتلاپ كورسۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، ئەدەبىي ئوچېرىكتە پاكىتنى جانلىق ئوبرازغا
ئايلاندۇرۇپ سۇرەتلەش ئۇسۇلى قوللىنىش ئارقىلىق كىتاپخانلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى
قوزغاش كېرەك .

ھىكايە ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە ھىسيات تەسۋىرى،
مۇھىت ـ شارائىت تەسۋىرى ، تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرى قاتارلىقلار ئادەتتىكىدىن بىر
بالداق يۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ تېخىمۇ يارقىن ، گۇزەل بىرىلىش ئارقىلىق كىشلەر قەلبىنى
تىترىتىدىغان، چوڭقۇر ھاياجانغا چومدۇرىدىغان سەۋىيىگە يەتكۇزۇلۇشى كېرەك ،

مەلۇمكى ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە كىشلەرنىڭ جانلىق پائالىيەتلىرى تەسىرلىك تەسۋىر-
لىنىدۇ . ئۇنداق بولىدىكەن ئۇلار مەلۇم ئورۇندا ياشاپ پائالىيەت ئوتكۇزىدۇ . تەبىئەت
دۇنياسىدىكى ھەر پەسىلدە بولىدىغان ئوزگىرىشلەرنى بېشىدىن كوچۇرىدۇ . تەبىئىي يۇسۇن-
دا تەبىئەت ھادىسلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىق تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇن-
داق ئەھۋال ئاستىدا ئەسەرگە قاتناشقان پېرسۇناژلارنىڭ دۇچ كەلگەن تۇرمۇش ھادىسلىرى-
غا بىرلەشتۇرۇلۇپ تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ شۇ مە-
سىلىلەرگە قارىتا پوزىتسىيىسى ، قىزىقىشى ياكى بىزار بولۇش ، مۇھەببەت ـ نەپرىتى سۇ-
رەتلىنىدۇ . بەزى چاغلاردا ئاپتور ئوزىنىڭ بەلگۇلۇك باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىدىيە-
ۋى ھىسسىياتىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئوچېرىك ۋەقەلىكى تېتىقسىز ، پۇچەك تە-
سىرات ،قۇرۇق شوئارلار بىلەن تولدۇرۇلماي ، كىتاپخانلارنى ھەقىقى ھاياجانلىق تۇيغۇ-
غا چومدۇرىدىغان كۇچلۇك ھىسسىيات يالقۇنلىرى بىلەن تەمىنلىنىشى لازىم . مۇشۇنداق قىلغان-
دىلا ئوچېرىككە بەدىئى كۇچ سىڭدۇرىلىدۇ .

ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە چوقۇم شەيئىلەرنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ ، مۇ-
ھىم نۇقتا، مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى ، چېچىلىپ كەتمەسلىكى ، شەيئىلەرنىڭ دەسلەپكى كو-
رۇنۇشلىرىدىن تارتىپ ماھىيىتىگە قەدەر تۇتۇلىشى ، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئىچكى ئا-
لاھىدىلىكى يېتەرلىك ئېچىپ بېرىلىشى كېرەك .

بىزگە چۇشىنىشلىك ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە ئوز ئارا مۇناسىۋەتلىرى زىچ ، بىر ـ بىرى-
نى تولۇقلايدىغان بىر نەچچە تۇرمۇش پارچىلىرى گىرەلەشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋال-
لارمۇ بولىدۇ . مۇنداق ئەھۋاللدا بۇ تۇرمۇش پارچىلىرى ئوچېرىكتە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن مەر-
كىزىي نۇقتىغا شەرتسىز بويسۇندۇرىلىدۇ . بۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىلسە ئەدەبىي ئوچېرىك-
نىڭ مەزمۇنى چېچىلىپ كېتىپ ، مەركىزىي ئىدىيە ئېچىلماي قالىدۇ .

ئەدەبىي ئوچېرىكنىڭ قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم، سىيوژىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش بىلەن بىر
چاغدا، تەسۋىرلەنگەن ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ ـ قەدەملىرى ئوز جايىغا چۇشۇرۇلۇشى،
كىشلەر ئۇنى ئوقۇپلا بىر نەرسىنى ھىس قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ۋەقەنىڭ مۇھىم كو-

رۇنۇشلىرى ئىنچىكە ئىپادىلىنىشى، زىددىيەتلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى دەل، توغرا كۆرسۈ-
تۈپ بىرىلگەندىلا، ئوچېرىك بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدۇ.

ئوچېرىكتۋەقەلىكىنىبايان قىلىشتا ئاساسەن رەتلىك بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلى-
دۇ. بايان قىلىش داۋامىدا ۋەقەلىكنىڭ ئىچىدىكى پاكىتلاردىن، كىشىنى ئالاھىدە
تەسىرلەندۈرىدىغان ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىلىدۇ.

ۋەقەلىكنىڭ باشلانغان مەيدان كۆرۈنۈشىنى كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە مۇ-
ۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ ئارقا كۆرۈنۈشنى قىستۇرۇپ، ئۇنى تەسىرلىك مەزمۇنلار، قىزىقارلىق كۆ-
رۈنۈشلەر بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارنى سېستىمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە كۆپرەك
ئويلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئوچېرىكلاردا ۋەقەلىكنى مەركەزلىك تەسۋىرلەپ، مەسىلىنى رۇشەنلەشتۈرۈپ بى-
رىشتە، گۈزەل، راۋان، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل سەنئىتىدىن ئوبدان پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت
بىرىشكە تېگىشلىك.

تىلنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە چۈشۈنۈشلىك، يېقىملىق، ساددا
بولغىنى ياخشىراق.

ئەدەبىي ئوچېرىكلەردە بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئەينەن تەسۋىرلەش تەس بولۇش-
تەك ئەھۋاللارغا دۇچكەلگەندە، جانلىق ئوخشۇتۇش ئۇسۇلىدىنمۇ پايدىلانساق بولىدۇ.

يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا سوز ـ جۈملىلەرنىڭ توغرا قوللىنىلىشىغا، ئوبرازلىق، ئىخ-
چام سوز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش جەھەتتە كۆپرەك ئىز-
دىنىشىمىز ۋە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى يېزىش مەسىلىسى تۈرلۈك ئامىللارغا
باغلىق بولغىنىغا ئوخشاش، بىرەر پارچە ئەدەبىي ئوچېرىكنى يېزىش مەسىلىسىمۇ يۇقۇرىدا
دىگەنلىرىمىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق بولىدىغانلىغىنى چۈشۈنۈشىمىز كېرەك.
بۇنىڭ بىلەن غەيرەتكە كېلىپ ئۆگۈنۈش، ئىزدىنىش، يېزىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي،
ئەدەبىي ئوچېرىكچىلىگىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

---

(بېشى 61ـ بەتتە)

ئوخشاشلا ئوركەشلىمەكتە. ئۇلار سېنىڭ
شوخ ئېقىنىڭنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنى بى-
لەن ئوينىشىۋاتقاندەك ساڭا قاراپ ۋىلىقلاپ
كۈلمەكتە. چۈنكى ئۇلار مەرۋايىت ئۈنچى-
لىرىڭدىن دېڭىزنى كۆرگەندەك بولدى.

ئېخ، ئەزىم دەريا! سەن توختاۋسىز ھال-
دا ئىلگىرىلەۋاتقان سەنئەت ئېقىمىنىڭ
ئوبرازلىق سىمۋولى. كۆۋەجەپ ئېقىشىڭدىن
ھاسىل بولغان كۈچلۈك شاۋقۇنىڭ خەلقىمى-
نىڭ يۈرەك سادالىرى. سەن كائىناتقا ھوسن
بەرگۈچى، مىسكىن كۆكۈللەرنى يايرىتىپ،
چاڭقىغانلارنى قاندۇرغۇچى. سېنىڭسىز كا-
ئىنات كۆكەرگەن ئەمەس، سېنىڭسىز كۆ-
ڭۈللەر يايرىغان ئەمەس. مەن سېنىڭ قۇ-
ياش نۇرىدا كۆمۈچتەك يالتىراپ تۇرغان
يۈزۈڭدىن يېڭى باھارىمنى كۆردۈم. يۈرەك
باغرىمدىكى ساڭا بولغان مۇھەببەتلىك
ھېسسىياتىمنىڭ ئەركى تۈيغۇلىرى خۇددى
بىر تامچە زىلال سۇدەك قاينام ئوركىشىڭ-
گە قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئوخچۇماق-
تا. يېڭى دەۋران ئاتا قىلغان قاينام ئور-
كىشىڭنىڭ مەنبەئى بولغان مىليونلىغان
خەلق ساڭا ئاجايىپ تاتلىق مېھرى بى-
لەن زوقلۇنۇپ نەزەر تاشلىماقتا، ئوركەش-
لە، ئەزىم دەريا!

# تەنقىت ۋە تەقرىز

## ۋەتەنپەرۋەرلىك كونكرېت بولسۇن

( يولداش تاھىر تالىپنىڭ « زىنداق سۈرىتى » ناملىق شېئىرلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن )

خۇدابەردى ئابدۇللا

ئۆز ئېلىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراق - ماكانىنى سۆيۈش ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ئالىي جاناپ خۇسۇسىيىتى، مۇقەددەس تۇيغۇسى. تارىختىن بۇيان قەلەم ئىگىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغاندا، ئالدى بىلەن ۋەتەن توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتتى. بەزىلىرى ۋەتەن بېشىغا كۈن چۈشكەندە قەلەمنى قورال بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ دۈشمەن-زىيانداشلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى، ۋەتەن ئۈچۈن مال - مۈلكىنى، ھاياتىنى خوشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى نامايىش قىلدى، ھازىر تارقىلىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللارغا قارىساق، ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز ۋەتەنپەرۋەر، ۋەتەن مېھرى ھەر بىر كىشىنى ئىسسىتىدىغان ھارارەت، ۋەتەن خۇددى بوۋاقنى ئاق سۈتى بىلەن تەمىنلىگۈچى سۆيۈملۈك ئانىدەك ھەممە كىشىگە ئىلھام بەرگۈچى پىداكار، ساخاۋەتلىك، مىننەتسىز قۇچاق . . .

ئەپسۇسكى بۇ شېئىرلارنىڭ زور بىر قىسمى دېمىگەندىمۇ، خېلى كۆپلىرى، ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرمايدۇ، كىشى قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇرالمايدۇ. راھەت بەخش ئەتمەيدۇ. كىشىدە "ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەش، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى - مېلىنى بېرىش شەرەپلىك، ۋەتەننىڭ بىر تال بۇيىسىنى ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچرۇتۇش جىنايەت" دېگەن ئويغا كەلتۈرۈشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ- ئاپتورلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ كەمچىللىكىدە ئەمەس، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا، ئۇلار ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلىمەي، كىشىلەرگە يادا بولۇپ كەتكەن كونا گەپ، ئابستراكىت ئۇقۇم، قېلىپلاشقان ئەرزان باھالىق ئىبارىلەرنى تەكرارلايدۇ، "ۋەتەن بىزنى باقتى، بىز ئۇنىڭغا قەرزدار، ئېگىز تاغلىرى، گۈزەل باغلىرى بار، تۇپرىقى ئالتۇن، سۈيى ھەسەل، ئاسمىنى يۇلتۇز بىلەن تولغان. خەلقى باتۇر، ئىشچان، تارىخى ئۇزۇن" دېگەن ئاتالغۇلار دائىرىسىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك كونكرېت بولسۇن. ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەشتىمۇ كونكرېت شەيئى، ۋەقە ھادىسە، ئادەملەرنى ۋاستە قىلىش ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. يولداش تاھىر تالىپنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981-يىلى 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان « زىنداق سۈرىتى » تېمىسى ئاستىدىكى شېئىرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان ياخشى شېئىرلاردۇر. ئاپتور

ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىشتا، ۋەتەننىڭ ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالىرى، پايانسىز دا-
لا - ئېدىرلىرى، بۇلۇتسىز ئاسمىنى، بىر مىليارت ئاھالىسىدىن سۆز ئاچماي، ۋەتەننىڭ
بىر پارچىسىدىن، ئۇزىگە تونۇش بىر داھىيىدىن سۆز باشلايدۇ. كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈن-
گەن قىزىل يۇلغۇن، توغراق، نەپىس ۋىشكىلىرى، ياۋا كەندىر، ئىچىدىغان ئاشتۇزى،
بېلىغىنى ئېغىزغا ئالىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئادەتتىكى ھەممە كىشىگە تونۇش نەرسىلەر بولۇپ،
كۆرگەنلىكى ئادەمدە زوق - ھاياجان قوزغىيالمايدۇ. لېكىن، ئاپتور بۇ ئادەتتىكى نەرسى-
لەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ كۆزۈتۈپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ،
ئۇزىنىڭ ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى توكىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا لەيلىنىڭ جا-
مالىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك دېگەن سۆز بار. گەرچە لەيلى سەت بول-
سىمۇ، مەجنۇن گۈزەللىكتە ئۇنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنى ماختاپ كوككە كوتىر-
دۇ. مەجنۇننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا پەرىزاتلارمۇ ئادەتتىكىچە بىلىنىدۇ. بۇ يەردە لەيلىنى
مەجنۇنغا چىرايلىق كۆرسىتىۋاتقان نەرسە، باشقا نەرسە ئەمەس، مەجنۇننىڭ لەيلىگە بول-
غان ئىشقى - مۇھەببىتى، سۆيگۈ ئېتىقادى. مەجنۇننىڭ قەلبىدە لەيلىگە بولغان مۇھەببەت
بولمىسا، لەيلىمۇ مەجنۇنغا ئۇنچە چىرايلىق كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر ئاپتورنىڭ قەلبىدە لا-
ۋۇلداپ تۇرغان ۋەتەن مۇھەببىتى بولمىغان بولسا، قىزىل يۇلغۇن، توغراق، كەندىر، تۈز
توغرىسىدا مۇنداق تەسىرلىك ياخشى شېرلارنى يازالمىغان بولاتتى. ئاپتورنىڭ كۆزىگە
ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۇنىگەن قىزىل يۇلغۇن - بوغا - ماراللارنى ساقلايدىغان قاراۋۇل، جاڭگاللارنىڭ
زىننىتى بولۇپ كۆرۈنسە، توغراق - جاڭگال پەرىسى، ئۇچار قۇشلارنىڭ قونىدىغى بولۇپ
كۆرۈنىدۇ. ياۋا كەندىر قىز - يىگىتنىڭ ئېپتىخارى، باياۋاننىڭ ئالتۇن چىنارى بو-
لۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ مارالۇېشىنىڭ تۈزى قوشۇلغان قونداق ئۇنىنىڭ ئۇمىچىدىمۇ ناۋاتنىڭ
تەمىنى سېزىدۇ. شور كۆلنىڭ بېلىغىنى يەپ، چۆلنىمۇ شەھەردەك ھېس قىلىدۇ. بۇ شېر-
لارنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدىن كېيىن، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇيدۇ. مارالۇېشىغا بېرىپ،
ماراللارنى ساقلىغان يۇلغۇن، ئۇچار قۇشلار قونۇپ تۇرغان توغراقنى كۆرگىنىمىزدە، تۇ-
زىدىن ئەپكىلىپ ئېشىمىزغا سېلىپ ئىچكىمىز كېلىدۇ. بىزنىڭ پىكرىمىز قانات تاپىپ ۋە-
تەننى كېزىدۇ، بىز تۇپرىقىمىزنىڭ چىمدىم تۇپىسىنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەت ئىكەنلىكىنى
تەسەۋۋۇر قىلىمىز. بىزگە ۋەتەننىڭ چۆللىرىمۇ باغۇ - بوستاندەك كۆرۈنىدۇ... بىز ۋە-
تەننىڭ خىسلەتلىرى توغرىسىدا ئوي - خىيالغا چۆكىمىز...... ئاپتور ۋەتەنپەرۋەرلىكنى
ئىپادىلەشتە، باققا نەزەر سالماي، چۆلگە نەزەر سالغان، قىزىلگۈل، بۇلبۇللىرىنى ئېغىز-
غا ئالماي، يۇلغۇن، توغراق، تۈز، بېلىغىنى ئېغىزغا ئالغان. بۇنىڭ ئۆزگىچە مەنىسى
بار. ئاپتور بۇ نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشتە تارىخچىلارغا ئوخشاش ئۇجۇر - بۇجۇرىنى قويماي
يېزىپ ئولتۇرماستىن، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى، مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى نۇقتىلىق تەس-
ۋىرلەپ، قالغان تەرىپىنى بىزنىڭ ئويلاپ بىلىۋېلىشىمىزغا قالدۇرغان. بۇ بىر ماھارەت.
بۇ سېكىلىنىڭ ئىچىدە «ياۋا كەندىر» دېگەن شېر باشقا شېرلارغا قارىغاندا خېلى ئوتتۇغ-
لۇق چىققان، بۇ شېردا داغدۇغىلىق قۇرۇق گەپلەر، سورەلمە - ئۇزۇن جۇملىلەر يوق. باش-
ئايىغى ماسلاشقان. قاپىيىلىرى بىر - بىرىگە يېپىشىپ كەلگەن، پىكرى خېلىلا چوڭقۇر.

بۇنى ئۇقىغان كىشى كەندىر ئادەتتىكى گىيا ئەمەس، يېزا بىلەن شەھەر، دېخانلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇلاپ تۇرىدىغان رىشتە ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ، كەندىر تېرىغان دېخان ۋە ئۇنىڭ قوزىغىنى سويغان قىزلارغا ۋە كەندىر قوزىغىدىن كاناي، دۇدۇن توقىغان زاۋۇت ئىشچىلىرىغا رەخمەت دەيدۇ.

ھەر قانداق ئۇلۇق نەرسىنىڭ ئاجىزلىقى، گۈزەل نەرسىنىڭ سەت تەرەپلىرى بولغىنىدەك بۇ سېكىلدىكى شېېرلارمۇ بەزى نۇقسانلاردىن خالى ئەمەس. ئاپتورنىڭ قىزىل يۇلغۇننى قىزنىڭ مەڭزىگە ئوخشايسەن دېگىنى تازا جايىدىكى ئوخشۇتۇش بولمىغان. ئوخشۇتۇشتا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا شەكىل ياكى ئىچكى خۇسۇسىيەت جەھەتتىن مەلۇم ئوخشاشلىق بولىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ يۇلغۇن غوللۇق دەرەخ. ئۇنىڭ تېنىسى قىزغۇچ، ئەمما توخۇ پۇتىدەك سەپكۈنلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ تېنى زادىلا قىزلارنىڭ مەڭزىگە ئوخشىمايدۇ. بىر ئاز ئوخشاشلىغىمۇ يوق. ئاپتور «قىزىل يۇلغۇن قىزنىڭ مەڭزىگە ئوخشايدۇ» دېمەي قىزىل يۇلغۇننىڭ بىنەپشىرەڭلىك چېچىگى قىزلارنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ دېسە، بىر ئازمۇۋا پىق ئىدى. «ساڭا ئوخشاش قىزلارغا چقانان، يالقۇنىڭدىن يايرا ركېلىنچەك» دېيىشىمۇ لوگىكىغا ئويغۇن ئەمەس، چۈشۈنۈكسىز. ئاپتور «يۇلغۇن ئوتىنىڭ يالقۇنىدىن نانلار قىزىرىپ پىشقاچقا، كېلىنچەكلەر يايرار» دېسە توغرا بولاتتى.

«توغراق» دېگەن شېېردا توغراقنىڭ خىسلىتىنى ئېيتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇنداق دەيدۇ:

ئاپىرىن دەر كائىنات ساڭا.
ئاپىرىن دەر ئادىمىزات ساڭا.

كائىنات پۈتۈن بارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چەكسىز نەرسە. توغراق مۇشۇ ھېسابسىز چەكسىزلىكتىكى بىرخىل گىيا. توغراق گويا كائىنات ئالدىدا دېڭىزدىن تامچە، مۇشۇنداق تۈرۈغلۈق پۈتۈن كائىناتنى توغراققا قانداقمۇ ئاپىرىن دېگۈزىمىز؟ بۇ يەردە توغراق، يەنى بىرخىل دەرەخ توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقان ئىكەنمىز، شۇنىڭغا لايىق تەسۋىر قوللىنىشىمىز لازىم ئىدى.

بەزى شېېرلار ئۇزۇن. ئۇزۇن دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ-بەزى شېېرلىرىدا ئوشۇقچە كۇپلىت، ئوشۇقچە مىسرالار بار. بۇنداق ئوشۇقچە كۇپلىت، ئوشۇقچە مىسرالار قەنىنىڭ ئازلىغا باقماي سۇنى كوپ قۇيۇپ دەملىگەن چايدەك ياكى قايماق، سۇتكە قارىماي، سۇنى كوپ قۇيۇپ ئەتكەن چايدەك شېېرنىڭ كۇپلىت، مىسرالىرىنى زىيادە سوزۇپ، بەدىئى ئۇنۇمىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. مەسىلەن: «تەم» دېگەن شېېردا تۇزنىڭ تەمى توغرىسىدىكى پىكىر ئاياقلىشىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، تۇزنىڭ تەمى توغرىسىدىكى ئاساسىي مەزمۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولمىغان تۆۋەندىكى مىسرا زومۇ - زو قىستۇرۇلغان:

ئۇزا تمايدۇ سەيياھنى شۇڭا،
بۇ يەرلىكلەر قىلماستىن غىزا.
ئۆز تۇزىنىڭ ئىسىل تەمىنى،
تېتىتماقچى جاھانغا گويا.

(ئاخىرى 94 - بەتتە)

# بالىلار ئەدەبىياتى

## شېئىرلار

زۇنۇن ئېلى

### ئاچچىق ساۋاق

ئەخمەت بۈگۈن ئورنىدا،
يېتىپ قالدى قوپالماي.
يوتۆلەتتى تېلىقىپ،
بىردەم ئارام ئالالماي.

زېڭىلدا يېتتى باشلىرى،
بۇرنىدىن سۇ قۇيۇلۇپ.
لاغىلدا يېتتى ئىسسىق ئوي-
مۇز گەمىدەك تۇيۇلۇپ.

گاھ ئاچاتتى يوتقاننى،
بەدىنىدە ئوت كويۇپ.
جويلۇيتتى ئۇ بەزىدە،
قىسما - قىسما چۇش كورۇپ.

«ئىمە بولدۇم مەن بۈگۈن،
ساغلام بەدەن شاش ئىدىم.
كونكى تېيىلىپ ... ئوينىشتا،
ھەممىسكە باش ئىدىم.»

كوز ئالدىغا كېلەتتى،
تۇنۇگۇنكى قىلىغى.
يۈرىگىنى مۇجۇيتتى،
مۇنداق بىر ئىش ساۋىغى:

ئەخمەتجانلار ئوچاتتى،
مۇز ئۇستىدە كاراپتەك.
ئىز قالاتتى كەينىدە،
ئوزۇن ئاپپاق تاناپتەك.

كەگرى مۇز مەيدانىنى،
نۇرغۇن قېتىم ئايلىنىپ؛
توختىدى ئۇ ئاخىرى،
تەرگە چۆمۈپ ھىرىقىپ.

«سالما» دىدى دوستلىرى،
چاپىنىنى سالغاندا.
«يىمە!» دىدى مۇزنى ئۇ،
چاڭگىلىغا ئالغاندا.

قۇلاق سالماي يېشىنىپ،
«هوزۇرلاندىم» دېدى ئۇ.
مۇزنى چاينىاپ قالماستىن،
قارنى پوملاپ يىدى ئۇ.....

«شۇنچە قىلسا كويۇنۇپ،
ئادا شلىرىم ـ جىگىرىم؛
غەرەز ئۇقماي نېمىشقا،
كورەڭلىدىم بۇ قېتىم؟...»

«مۇشۇ ئاچچىق ساۋاقنى،
ئۇنۇتما يەمەن هىچقاچان!»
دىگىنىدە قەلبىنى،
قاپلىدى زور هاياجان:

«هەرگىز قار، مۇز يىمەيمەن،
يېشىنمەيمەن سوغۇقتا!»
ئىچىۋېتىپ دېدى ئۇ،
دارىسىنى قوشۇقتا.

## قوزىچاق

قوزىچىقىم ـ قوزىچاق،
ئامرىقىمسەن بوتىلاق.
ساڭا كوزۇم تەگمىسۇن،
ئېسىلپ قوياي كوز مۇنچاق.

ئېلىپ كەلدىم سۇتلۇك ئوت،
قوساق تويغاز ئوبدانراق.
ئوينا يلى كەڭ دالىدا،
سەكرىشىپ بىز ئۇزۇنراق.

## گۇلدەستە

تۇرۇپ تاڭ سەهەر،
گۇلباققا كىردىم.
ئەترە چىمەندىن،
گۇلدەستە تىزدىم.

تەقدىم قىلدىمەن،
ئىشچى تاغامغا.
چومۇلۇپ چەكسىز،
زوق-هاياجانغا.

توكتۇم پورەككە،
مۇهەببىتىمنى.
ئىزهار قىلار ئۇ،
چىن هورمىتىمنى.

پېئونىرلارچە،
بەرسەمەن سالام.
سۇيدى مەڭزىمگە،
زەربىدار تاغام.

# ئىككى شېئىر

ئابلىكىم روزى

## تامنىڭ ئەرزى

چوڭ يولدىكى تام ماڭا،
دېدى: ئاڭلاڭ، ئەرزىم بار.
قوسۇغۇمدا خېلى كوپ،
ئاچچىغىم بار-دەردىم بار.

مېنى سوراپ قالسىڭىز،
كونا ئەمەس، يېڭى مەن.
( بۇ يىل يازدا سېلىنغان -
قورۇلۇشنىڭ تېمى مەن)

شۇڭا يۈزۈم چىرايلىق،
ئاپپاق ئىدى-ئاق ئىدى.
ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا،
زىدە ئەمەس،ساق ئىدى.

ئىككى بالا تۈنۈگۈن،
كەلدى مېنىڭ يېنىمغا.
قاملاشمىغان ئىش قىلىپ،
ئازار بەردى دىلىمغا...

«خەتلەر» بىلەن تولدۇردى،
كوركەم، سىلىق يۈزۈمنى.
قالايمىقان جىجىدى،
بەدىنىمنى، كوزۈمنى...

ئۇلار ئېشىپ ھەددىدىن،
سويىۋەتتى تىرەمنى.
پىچاق سانجىپ ئوزىچە،
قوچىۋەتتى مىگەمنى...

ئەشۇ بەڭۋاش دوستىمىز،
مېنى كوزگە ئىلمىدى.
چەككەن ئاھۇ-زارىمغا
قىلچە پىسەن قىلمىدى.

بولدى بەكمۇ نارازى،
مېنى كورگەن كوپچىلىك.
دېدى ياساپ كوڭلۇمنى:
«سىزدە ئەمەس كەمچىلىك...»

بايان قىلدىم سىزگە مەن،
دەردىمنىڭ بىر قىسمىنى.
بالىلارنىڭ سوزىدىن،
بىلىۋالدىم ئىسمىنى.

ئۇنىڭ بىرسى سىمىززاق،
پوپكىسى بار سىيىتكەن.
يەنە بىرسى ئورۇقراق،
كەپكىسى بار ھىمىتكەن.

يېزىپ بىرىڭ ئەرزىمنى،
مەكتىۋىگە سۇنىمەن.
بەرسە تەنقىت-تەربىيە،
ئاندىن رازى بولىمەن.

بۇنداق ئەسكى ھەركەتنى،
ئەندى ھىچكىم قىلمىسۇن.
ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئىش،
ھەممە يەرنى قاپلىسۇن!

## بىر، ئىككى، ئۈچ...

بىر، ئىككى، ئۈچ،
هەربىل سىنىپ كوچ.
پاسسىپلىق نومۇس،
بولغىن ئاگا ئوچ.

بىر، ئىككى، ئۈچ،
لاچىن كەبى ئۈچ.

ئىلىم ـ پەن ساگا،
بىرەر قانات ـ كۈچ.

بىر، ئىككى، ئۈچ،
دائىم زەپەر قۇچ.
يەڭگىن هەر قاچان،
كەلسە مۇشكۇل دۇچ.

## قۇربانجان

نۇر مۇللاق

ئادىتىچە ئورۇندىن،
قوپتى قۇربان سەهەردە.
ئورۇن ئالغاچ قەلبىدىن،
ئۇلۇق ئىستەك ـ ئىرادە.

يۇيۇپ يۇز ـ قول، تاقىدى ـ
گالىستۇكنى بوينىغا.
ئېلىپ دەپتەر، قەلەمنى،
ماڭدى مەكتەپ قوينىغا.

يۇزى ئۈنىك يۇمۇلاق،
بوي ـ تۇرقى كىلىشكەن.
ئىگەللەشكە پەن ـ بىلىم،
بەلنى باغلاپ كىرىشكەن.

بىلىم ئېلىش كويىدا،
هەرگىز بىكار تۇرمايدۇ.
ئوتكەن هەربىر دەرسلەرنى،
پىششىقلايدۇ ـ ئويلايدۇ.

سايراپ تۇرسا مۇئەللىم،
قۇلاق سىلىپ ئاڭلايدۇ.
تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا،
ئىشلەپ چالا قويمايدۇ.

شۇڭا مەكتەپ ئىچىدە،
«ئۈچتە ياخشى» نامى بار.
هەممە ئىشتا تىرىشچان،
هەم ئەقىللىق پەمى بار.

ئۇستازلارنى يۇرەكتىن،
هورمەتلەيدۇ، سۇيىدۇ.
دوستلار ئارا بەك ئىناق،
كىچىكلەرگە كويۇدۇ.

شۇتاپ كوڭلى بەكمۇ شات،
كوكتە ئۇچقان لاچىندەك.
يەنگە قەلبى تەلپۇنەر،
خۇددى يانغان گۇلخاندەك.

ئۇنى ماختاپ ھارمايدۇ،
نەچچە ئۇنلاپ «ئانىسى»
«رەخمەت بالام كامال تاپ»—
دەيدۇ نەچچە «ئانىسى».

× × ×

مانا قۇربان كەلدى تىز،
يېڭى ئۆينىڭ ئالدىغا.
ئىشىك ئېچىپ كىردى ئۇ،
تال باراڭلىق ھويلىغا.

«كەل بالام، كەل قۇربانجان»
دېدى موماي خوشچىراي.
قۇربان كۈلۈپ مومايىنىڭ،
سۇپسىدىن ئالدى جاي.

«ئانا بۈگۈنساقمۇ سىز،—
دېدى دەرھال قۇربانمۇ.—
سوراپ ئۆتەي دېگەنتىم،
مىجەزىڭىز ئوبدانمۇ؟»

«ياخشى تۇردۇم جان بالام،
مېنى يوقلاپ تۇرسەن.
خەۋەر ئېلىپ ھالىمدىن،
ئۆز ئاناڭدەك كورسەن.

ھەركۈن كىرسەڭ ئالدىمغا،
دىلىم ساڭا ياقىدۇ.
مېھرىم گويا دەريادەك،
پارتىيىگە ئاقىدۇ...»

قۇربان تۇردى ئورنىدىن،
تىڭشاپ موماي سوزىنى.
«سۇ ئەككىرەي ئانا» دەپ،
يۈدۈپ ماڭدى كوزىنى.

ئېلىپ كىردى كوپ ئوتمەي،
سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن.
كەتتى خوشال مەكتەپكە،
چىقىپ موماي ئويىدىن.

ھەيران بولۇپ قالماڭلار،
«نىمىسىكىن موماي» دەپ
مۇشكۇل ئەمەس سىلەرگە،
سوزلەپ بېرەيش بىر - بىرلەپ.

قۇربان لىبي فېڭ روھىدىن،
ئېلىپ ئۈلگە خىسلەتنى؛
يېتىلدۈرگەن ئوزىدە،
شۇنداق ياخشى ئادەتنى.

ئوزى ياۋاش، ئەدەپلىك،
ياخشى ئىشنى تاللايدۇ.
راھەت بىلىپ جاپانى،
باشقىلارنى ئويلايدۇ.

× × ×

چۈشۈپ دەرىستىن باللار،
ماڭدى ئويگە رەت بولۇپ.
بىلىم بېغى قوينىدا،
قەلبى نۇرغا لىق تولۇپ.

ئويگە كىرىپ قويدى ئۇ،
سومكىسىنى تاكچىغا.
قاچىسىنى تولدۇردى،
يېڭى پىشقان كاكچىغا.

قوسغىنى تويغۇزۇپ،
قول ئۇزاتتى سوۋەتكە.
ئوغۇت تىرىپ كېلەي - دەپ،
ماڭدى ياخشى نىيەتتە.

ئوغۇت ئىزدەپ كەتتى ئۇ،
يولنى بويلاپ يىراققا.
ئەنسىز ئاۋاز توساتتىن،
كىردى دەرھال قۇلاققا.

چاپتى قۇربان ئالدىراپ،
ئاۋاز چىققان تەرەپكە.
تولۇپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى.
جاسارەتكە ـ غەيرەتكە.

يېتىپ بېرىپ كوردى ئۇ،
شاللىقنىڭ ئۇ چېتىگە؛
پېتىپ قاپتۇ بىر بالا،
لايلاتمىنىڭ ئىچىگە.

ئۇنىڭ لاي سۇ ئىچىدە،
بېشى چىقىپ تۇراتتى،
قالغانلىرى چۇقۇراپ،
ئۇيان ـ بۇيان چاپاتتى.

ئۇلگۇرەلمەي قالدى ئۇ،
كىيىمىنى سېلىشقا.
ھەرگىز مۇمكىن ئەمەستى،
مىنۇت قاراپ تۇرۇشقا.

قۇربان ئوقتەك شۇ ھامان،
سۇغا ئاتتى ئۇزىنى.
ئۇزۇپ بېرىپ بالىنىڭ،
تۇتتى مەھكەم قولىنى.

سۇ ئىچىدىن مىڭ تەستە،
ئېلىپ چىقتى قىرغاققا.

بىر مۇنچە سۇ ئاغزىدىن،
كىرگەن ئىدى قوساققا.

قۇربان ئىگىپ بالىنىڭ،
ئېگىشتۇردى بېشىنى،
سۇنى سىرتقا ياندۇرۇپ،
سەل بوشاتتى ئىچىنى.

بالا تازا ئوڭلۇنۇپ،
كېلەلمىگەچ ئەسلىگە؛
قۇربان ئۇنى كوتۇرۇپ،
ئېلىپ باردى ئويىگە.

ئۇقۇپ ئىشنىڭ تەكتىنى،
خوشال بولدى ئانىسى.
"رەخمەت بالام مىڭ رەخمەت»
دىدى يەنە ئاتىسى.

قۇربان دەرھال خوشلۇشۇپ،
ماڭدى تېزدىن ئىشقا.
ئالدىراپتتى ئۇ ھامان،
كوپرەك ئوغۇت يىغىشقا.


خولۇم ـ خوشنا قۇربانغا،
قاراپ قالدى زوقلۇنۇپ.
ئۇرغۇپ مېھرى دەرياسى،
ئېقىپ ئاڭا شوخلۇنۇپ.

---

(بېشى 88 ـ بەتتە)

بۇكۇبلىتنىنىڭ ئۇزىدىكى ئۇقسانىنى تىلغا ئالماي تۇرايلى. ئاپتور تۇزنىڭ تەمى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندىن كېيىن، سەيياھنى غىزاسىز ئۇزاتمايدىغان ئادەت توغرىسىدا گەپ قىلمىسىمۇ بولاتتى.

يولداش تاھىر تالىپ ئۇز دىمەتلىك قەلەم ئىگىلىرى ئىچىدە يازغان شېئىرىنىڭ مەزمۇنلۇق، پىكرىنىڭ يېڭى ھەم چوڭقۇرلىغى، ئىجادىيىتىنىڭ مۇستەقىل ـ قىزىقارلىغى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەن تاھىر تالىپنىڭ شېئىرلىرىنى سۇيۇپ ئوقۇيدىغان مىڭلىغان كىتاپخانلارنىڭ بىرسى. تاھىر تالىپنىڭ تىرىشىپ ئۇگىنىپ، جاپالىق مەشق قىلىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلەپ، تېخىمۇ پاساھەتلىك، پىششىق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ كۇنـ دىن ـ كۇنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياج ـ تەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرىش ئۇمىدىدە «زىناق سۇرىتى» توغرىسىدىكى شېئىرلارغا ئوزۇمىنىڭ قىسقىچە كوز قارىشىمنى قويدۇم. ئەگەر پىكرىم ئۇتتۇقلارنى مۇستەھكەملەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۇگىتىپ، تېخىمۇ ياخشى شېئىرلارنى يېزىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالىسا ، مەن خوش.




# ئوغۇل

(ھېكايە)

موردۇن ئولىزاكا (يۇگوسلاۋىيە يازغۇچىسى)

ئۇلار چوڭ ئۆرەك ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.

مەلۇم تىنىق گۇگۇم ۋاقتىدا، ئۇلار چوڭ ئۆرەك ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئۇنچە كىشى ئىچىدە بىرلا ئاتا - بالا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى سىم بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولى بىلەن ئوغلىنىڭ سول قولى بىرگە چىگىلگەن ئىدى. مەھبۇسلار بىر - بىرىگە يانداشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرگەن پېتى گەپ قىلىشمايتتى، كەيپىياتى غەمكىن، ھەم چۈشكۈن بولۇپ، ساقاللىرى ئۇزاقتىن بۇيان قىرىلمىغان ئىدى. بىر تال سىم كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە چاتقان ئىدى.

- قارىشىڭنى ئۆزگەرتتىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى قورچاق ئوفىتسېر①.

- ئۆزگەرتمىدىم، - دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى ئوغۇل...

ئوفىتسېر ئۇنىڭغا كۆزىنى قاتتىق بىر ئالايتتى.

ئوغۇل بىر خىل قاتتىق روھىي ھالەتنى كۈچىنىڭ بېرىچە ساقلىماقچى بولدى يۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇيقاچاچلىرى تىك تۇرۇپ، بويىنىنىڭ قان تومۇرلىرى كۆپۈپ ئاغرىغاندەك بولدى.

ئوفىتسېر ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنى ئۆرەكتىن 20 چامدام نېرىدا سولدىن ئوڭغا قاراپ بىر قاتار تۇرۇشقا ھەمدە ئوقنى ئوقدانغا قاچىلاشقا بۇيرىدى.

مىلتىق زاتورىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

ئوغۇل ئۆرەك ئىچىگە كۆز تاشلىدى،

① ئەسلىدە «ئۇستاجلار» دېيىلەتتى. 1941 - يىلى 4 - ئايدا گېرمانىيە فاشىست ئارمىيىسى يۇگوسلاۋىيىنى ئىشغال قىلدى، گېرۇدىيە مىللى ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى (ئۇ قىسقىچە ئۇستاچ دېيىلىدۇ) گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋەتىنىگە، خەلقىگە ئاسىيلىق قىلغان ئىدى.

ئورەك ناھايىتى چوڭ سېرىق توپىلىق پاتقاقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىللە مۇشۇ يەرگە كومۇلۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ــ مۇشۇ يەرگە كومۇلىدىغان بولدۇق! ــ ئوغۇل شۇركىنىپ كەتتى ــ دە، كوزىنى ئورەكتىن يوتكىدى.

دادىسى ئىچىنغاندەك ھەم بېشى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا ئەڭ ئاخىرقى كۈچىغا تايى ـ نىپ ئاران ئورە تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرا ـ يىدىن ئېغىر جازالانغانلىقىنى كورىۋېلىشقا بولاتتى. ئۇ ھېچكىمگە قارىمىغاندەك قى ـ لاتتى.

ئەسكەرلەر تۈپ ـ تۈز بىر سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. ئوقلار ئوقدانغا سېلىنغان ئىدى. باشلىق بۇيرۇق بەرگەن ھامان مىلتىقلار ـ نىڭ تەپكىلىرى بېسىلاتتى. بەزىلىرى تا ـ قەتسىزلىنىشكە باشلىدى، بەزىلىرىدە بىزار بولۇش ھەتتا پۇشايمان يىيىشتەك كەيپى ـ يات كورۇنۇپ تۇراتتى.

ــ قارىشىڭنى ئوزگەرتتىڭمۇ؟ ــ ئوفتىسىر يەنە بىر قېتىم سورىدى.

ــ ئوزگەرتكىنىم يوق ، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ياش بالا.

ــ مەيلىڭ ئەمىسە، ــ دىدى ئوفتىسىر ھىجىيىپ.

ياش بالا ئۇنىڭغا ئوچمەنلىككە تولغان نەزىرى بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى بورە بىلەن ئىتنىڭ دەسلەپكى قېتىم بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندىكى كوز بېقىشىغا ئوخشايتتى.

مەھبۇسلار ئوزىنىڭ گورىغا ئارقىسىنى قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە يانداشىپ، ئورەك يېنىدا تۇرىشاتتى. ئۇلار ماغدۇرسىزلانغان بولۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرى تەنلىرىنى ياپالمىغان. قاندا قتۇر قاتتىق نەرسىلەر

بىلەن، ھەتتا تومۇر كالتەكلەر بىلەن ئۇ ـ رۇلۇپ يىرتىلىپ تىتما ـ كاتاڭ قىلىۋېتىل ـ گەن ئىدى. بەزىلىرى يالاڭباش بولۇپ چاچ ـ لىرى چۇۋۇلۇپ پاخپىيىپ كەتكەن، بەزى ـ لىرى شىلەپە كىيىشكەن بولۇپ، ئۇزاقيىل ـ لاردىن بىرى ئوڭلۇتۇلماي ئورۇلۇپ چۈشەي دەپ قالغان ئويلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى .

دادىسى قارا ئوشكە تېرىسىدىن تىكىلگەن پاپاق كەيگەن، ئوغلى ئوڭۇپ كەتكەن رەخ ـ تىن تىكىلگەن كەپكە كېيىۋالغان ئىدى . دادىسى قويۇق، قارا، ئەگىمە بۇرۇت قويۇ ـ ۋالغان بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئەندىلا ساقال ـ بۇرۇت قىرىشقا باشلىغانلىقى روشەن كو ـ رۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېڭىكىدە بىر قانچە تال شالاڭ ، يۇمران ھەم كورۇمسىز ساقال ئوسكەن ئىدى.

ئوفتىسىر ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

ــ نىشانغا ئېلىڭلا!ــ دەپ بۇيرىدى. ئار ـ قىدىن ئۇ:

ئېتىش سولدىن باشلانسۇن ، ــ دەپ بۇي رۇق بەردى.

ــ ئۇچەيلەن بىر كىشىگە قارىتىپ ئې ـ تىڭلار! ــ دىدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن. ئا ز ـ دىن كېيىن ئۇ ئەسكەرلەر بۇيرۇغىمنى ئۇق ـ ماي قالمىسۇن، دىگەندەك قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

ــ سولدىن ئوڭغا!

ئەسكەرلەر مىلتىق ئېتىش ھالىتىدە تۇ ـ رۇشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىغى سىرىلىپ توختىمايتتى، روشەنكى، ئۇ نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئاران دىگەندە مىلتىقنى نىشانغا ئېلىش ئېگىزلىكىگە كوتۇرۇپ تۇراتتى.

ــ ئېتىڭلار!

مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىن قاپ ـ قارا
ئىس ـ تۈتەكلەر مىلتىق ئاغزىدىن ئاس ـ
مانغا پۈركىراپ چىقتى.

ئۈچ مەھبۇس يىقىلدى،ھەممە ئوق تەگ ـ
مىگەن 4 ـ مەھبۇسمۇ سورەپ يىقىتىلدى.
بۇ مەھبۇس يىقىلىپ چۈشكەندە جېنىنىڭ
بىرىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ ـ
نىڭ ھەركىتىدىن ئوزىگە ئوق تەگمىگەن ـ
لىكىگە ناھايىتى ئەپسۇسلانغانلىغى چىقىپ
تۇراتتى.

ـقانداق، ئويلۇنۇپ بولدۇڭمۇ؟ ـ دەپ
سورىدى ئوفتىسىر.

ـياق! ـ جاۋاپ بەردى ئوغۇل.

ـئوق سېلىڭلار!ـدەپ بۇيرۇق چۈشۈردى
ئوفتىسىر.

ئوغۇل غايەت چوڭ 3 مىلتىقنىڭ ئو ـ
زىگە توغرىلانغانلىغىنى كوردى.

ـتوختاپ تۇرۇڭلار! ـ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.
ئوفتىسىر ئەسكەرلەرگە مىلتىق ئۈچىنى
مەھبۇسنىڭ بېشىدىن ئېگىزلىتىپ بۇيرۇق
كۈتۈشنى بۇيرىدى. ئۇ خۇددى قانداق قى ـ
لىپ بولمىسۇن بۇ ياش بالىنىڭ ھاياتىنى
قۇتقۇزۇپ قالىدىغاندەك ھىلى ئېيتقانسو ـ
زىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. قارى ـ
ماققا، ئۇ ھىلى يۈز بەرگەن ئىشتىن ئىن ـ
تايىن رازى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ
بويى ئىگىز، ياداڭغۇ، يۈزى نازاكەتلىك،
تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىز بالىغا ئوخ ـ
شايتتى، ئۇ ئوتىگىنىڭ قونجىدىن ئاشى ـ
دىغان شىنىل كەيگەن، پاسكىنا قاسقان شەپ ـ
كىسىگە U شەكىللىك تومۇر كاكار قادىغان
بولۇپ، گويا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان
ئىلاھىدەك ھەيۋەتلىك كورۇنەتتى.

ئۇ ئەسكەرلەرگە مىلتىق ئېتىش توغرى ـ
سىدا بۇيرۇق بەردى.

ئەسكەرلەر بويرۇققا بويسۇنۇشتى. ئۇ
يەنە «مىلتىقنى قويۇڭلار،» دەپ ۋاقىرىدى.
لېكىن، ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك
قىلاتتى. گەپ تىل ئۈچىغا كەلگەن بولسىمۇ،
ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى، ياش بالىنىڭ
سوزى،رۇشەنكى، ئۇنىڭ كۈتمىگەن يىرىدىن
چىققان ئىدى.

ـقانداق؟

10 كۈندىن بۇيان، ئوفتىسىرمۇنداق سو ـ
ئاللارنى ئۈزلۈكسىز سوراۋەرگەن بولسىمۇ،
لېكىن، ھامان ئېلىنغان جاۋاپ ئوخشاشلا
« ياق ! » دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. بىر
قانچە سائەت « قانداق ؟ » دەپ سورىسا،
بىر قانچە سائەت ئىچىدىكى جاۋاپ يەنىلا
« ياق ! » دىگەندىن ئىبارەت بولاتتى.
مۇشۇنداق ئوتكىلى توپ ـ توغرا 10 كۈن
بولدى! ئەمدىلىكتە ياش بالا ئۇنىڭغا:
« توختاپ تۇرۇڭلار!...»دىدى.

ئوفتىسىر ئۇنىڭغا ئوز دادىسىنى ئول ـ
تۇرگۈزمەكچى بولدى. مانا بۇ ئوفتىسىر ـ
نىڭ خۇماردىن چىقماقچى بولغان نەر ـ
سىسىدەك قىلاتتى. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ ئالدىدا
بىر ـ بىرىنى دەھشەتلىك ئولتۇرگەنلىگىنى
ئوز كوزى بىلەن كورمەكچى. شۇندا قىلا ئوزى
تەكەببۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ بۇ مەن ـ
زىرىدىن ھوزۇرلانماقچى بولغان ئىدى. ھازىر
بولسا ئۇ ئوغۇل ئارقىلىق ئوغۇلنىڭ ئاتىسى ـ
نى ئولتۇرگۈزمەكچى. دەسلەپتە ئۇ، دادى ـ
سىغا ئوغلىنى ئولتۇرگۈزمەكچى بولغان ئى ـ
دى. لېكىن، قېرى چال غەزەپ بىلەن
رەت قىلدى ھەممە ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈر ـ
دى. شۇڭا، ئەندى نوۋەت ئوغلىغا كەلدى.

ـ تەلىۋىنى ئورۇنلىساڭ، مەن بىر
قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن ! ـ دىدى ئوف ـ
تىسىر.

ھازىر، ئۇ يەنە:

ـ قانداق ؟ ـ دەپ سورىدى.

ياش بالا بىر مەھەل تىلىنى چاينا پراق تۇرۇپ قالدى.

ـ ساڭا نىمىگە ماقۇل بولغۇنۇم ئۇزەڭگە مەلۇم ! ـ ئوفتىسىر بۇ سوزنى قاتتىق ۋاقىراپ ئېيتقاچقا ، مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئاڭلىدى.

ـ ئونداق قىلالمايمەن ! ـ دىدى ياش بالا نالە قىلىپ. ئۇ دادىسىغا ئۇمىتسىزلەنگەن ھەم ئىچى ئاغرىغان ھالدا نەزەر تاشلىدى.

ئوفتىسىر ئەسكەرلەرگە مەھبۇسلارنى نىشانغا ئېلىشقا يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق چۇشۇردى.

ـ توختاپ تۇرۇش ! ـ دىدى ئوغۇل.

ـ نىمىگە توختاپ تۇرىمىز؟

ـ توقماقنى ماڭا بەر ! ـ دىدى ئوغۇل.

ـ ئەگەر توقماق بىلەن داداڭنى ئۇرۇپ ئوجۇقتۇرساڭ ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن.

ـ توقماقنى ماڭا بەر ! ـ ئوغۇل سوزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنچە جاراڭلىق ئەمەس ئىدى .

ئوفتىسىر ئۇنىڭ قولىنى بوشۇتۇپ قويۇشقا بۇيرىدى. بىر ئەسكەر چوڭ ياغاچ توقماقنى ئېلىپ كەلدى.

ئوغۇل تاتىرىپ كەتكەن لىۋىنى چىڭ چىشلىدى.

بۇ مەنزىرىگە تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرغان دادىسى ئوغلىغا قاپىغى سېلىنغان ھالدا مەنىستىمەسلىك بىلەن قارىدى. ئوغلى دادىسىغا زادى ئىچى ئاغرىمايدىغاندەك ھېچقانداق ئىزاھات بەرمىدى.

ـ ئۇ ئانامنى ئۇراتتى، ئۇ ھاراق ئىچەتتى، ئۇ ئوزىنىڭ جېنىنى بېقىش ئۇچۇن ھېچنىمە بىلەن كارى بولمايتتى؛ مېنىڭ دامىغا چۇشۇپ ئالدىنىشىمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان...

ئوفتىسىر ئوغۇلنى مۇرىسىدىن قۇچاقلىدى.

بۇ چاغدا بوۋاي تەنها جايىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزلىرى ياشاڭغۇرىدى. كومۇشتەك كوز يېشى مەڭزىدىن لىۋىگە چۇشۇپ، قويۇق بورۇتلىرى ئارىسىدا غايىپ بولدى.

ـتوقماقنى ئۇنىڭغا بەر! ـ دىدى ئوفتىسىر كۇلۇمسىرەپ.

ساراسىمىگە چۇشكەن، ھاقارەت قىلىنىپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەي قالغان مەھبۇسلار ئۇنىڭ ئالدىدا قەلبىدىكى قورالدىن مەھرۇم قىلىندى. بۇ ئوفتىسىر ئۇچۇن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئەڭ كوڭۇلدىكىدەك پۇرسەت ئىدى.

ئوغۇل توقماقنى ئالدى.

ـ ئىككى قوللاپ! ـ دىدى ئوفتىسىر يەنە بىر قېتىم.

ـ خوپ! ـ دەپ جاۋاپ بەردى ياش بالا.

ئۇ دەرمانسىزلانغان بولۇپ، قوللىرى تىترەيتتى، پۇتۇن بەدىنى لاغىلداپ تىترەكتىن توختىمايتتى.

ئوفتىسىرنىڭ كوزى، كوتىرىلگەن توقماققا ئەگىشىپ ئاندىن بوۋاينىڭ ئۇستىگە چۇشتى. بوۋايدا قىلچە قورقۇنچ ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇ ئولۇمگە پىسەنت قىلماي، مىدىر ـ سىدىر قىلىپمۇ قويماي، تۇرغان جايىدا قەد كوتىرىپ تۇراتتى. توقماق خېلى ئېگىز لىككە كوتۇرۇلگەندە ئوفتىسىر بىلەن بوۋاينىڭ كوزلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتى. بوۋاي تەقدىرگە تەن بەرگەن بول-

# مەسەللەر

## يولۇچى بىلەن بورى

بىر يولۇچى يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چۆشلۈك تامىقىنى يەۋاتاتتى. ئۈشتۈمتۇت ئورمانلىقتىن بىر بورى چىقىپ، يولۇچىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كېلىپ سورىدى:

ــ نىمە يەۋاتىسەن قېرىنداش؟

ــ نان.

ــ ماڭىمۇ بىر پارچە بەرگىنە!

يولۇچى ناندىن بىر پارچە كېسىپ ، بورىگە تاشلاپ بەردى. بورى ناننى يەۋەتتى ۋە ئاغزى-بۇرنىنى يالىۋەتكەندىن كېيىن سوزلىدى :

ــ ئادەملەرنىڭ نېنى نىمە دېگەن تاتلىق ـ هە ! مەنمۇ هەر كۈنى مۇشۇنداغ نان ئېتىپ يېيىشنى بىلسەم نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى !

يولۇچى جاۋاپ بەردى :

ــ ئاۋۋال بۇغداي تېري، ئاندىن بىزگە ئوخشاش ئىشلەپ نان يېقىپ يە!

ــ راستمۇ ؟ يولۇچى قېرىنداش ، سەن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ ، بۇغداي نان يېپىشنى ئۆگۈتۈپ قويغىنا !

يولۇچى بورىگە بۇغداي نان يېپىشنى ئۆگۈتۈشكە باشلىدى .

ــ ئاۋۋال يەرنى شۇ دېگەر قىلىش كېرەك ...

ــ نان شۇ يەردىلا هاسىل بولامدۇ ؟

سا، ئوفتىسىرنىڭ كوزلىرىدە شاتلىق نۇرى ئوينىغان ئىدى.

توقماق بىرىنچى بولۇپ ئوفتىسىرگە تەگكەندە، ئۇ دەلدەڭشىپ كەتتى، لېكىن دەرهال يىقىلمىدى. ئۇ هولۇقۇپ نىمە قىلىشنى بىلمەي ياش بالىغا قارىدى ـ دە، ئاندىن پاتقاق يولغا يىقىلىپ، جان تالىشىپ پۇتلىرى تېپچەكلەشكە باشلىدي.

ياش بالا ئۇنىڭغا يەنە ئىككى توقماق سېلىپ ئۇنى جەهەننەمگە يولغا سالدى-دە، توقماقنى ئەسكەرلەرگە چۆرۈپ بىر نۆۋېتىپ سوغۇققىنە:

ــ ئېتىڭلار! ـ دېدى.

دادىسى ئوغلىغا هەيران بولۇپ قارىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە قايغۇ ئىچىدىكى كۈلۈمسىرەش ئالامىتى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى.

(هەسەنجان ئېلى تەرجىمىسى)

ـ نىمە دەپ يۈرۈيسەن ! بۇ ـ ئۇنداق چاپسان پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ، يەرلى شۇ‑دىگەر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، نانىنىڭ ئۇرۇغىنى تەييارلايسەن .

ـ شۇئان نان هاسىل بولامدۇ ؟

ـ ياق ، خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن پەسلىگە قاراپ ئوسا قىلىپ ئۇرۇقىنى چاچ‑سەن، قىشچە ئۇرۇق يەردە تۇرىدۇ . يەنە بىر يىلى ئەتىيازغا بارغاندا كوكلەپ چىقىدۇ . يازدا ...

ـ يازدا نان هاسىل بولامدۇ ؟

ـ ياق تېخى ! بۇغداينى ئوراپ ، باغلاپ يىغىسەن . شۇنىڭدىن كېيىن ...

ـ شۇنىڭدىن كېيىن نان هاسىل بولامدۇ ؟ ـ دەپ ۋاقىرىدى بورى .

ـ ياق ، بۇغداينى خامانغا توشۇيسەن ، تېپىسەن ، سورۇيسەن ، تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىسەن .

ـ دىمەك شۇ چاغدا يىگۈدەك نان بولۇپ چىقىدىكەن ـ دە ؟

ـ نەدىكىنى بورى قېرىنداش ؟ يەيدىغان چاغ نەدىمۇ ئۇنچە تىز كەلسۇن. ئۇنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرىسەن . خېمىرنى زۇۋۇل قىلىپ ئېچىپ نان ياپىسەن ، پىشۇرىسەن .

ـ يەيدىغان ئىش شۇ ۋاقىتىدا يېتىپ كىلىدىكەن ـ دە؟

ـ هەئە ، شۇ چاغدا نان هازىر بولىدۇ .

بورى بىر ئۇه تارتتى ـ دە :

ـ بولدى ، نان يېيىشنى ئىستىمەيمەن . بۇنىڭدىن خوشۇم كەتتى، ـ دىدى .

ـ نىمە ئۇچۇن ؟

ـ ناهايىتى ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كىلىدىكەن ، سەن ماڭا بىرەر نەرسىنى كورسۇتۇپ قويساڭلا ، قوسۇغۇم دەرهال تويۇپ قالىدۇ . ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ .

ـ ناهايىتى ياخشى ئىكەن ، ئۇنداغ بولسا ئۇدۇلۇمدىكى ئەشۇ ئوستەڭگە بار . ئۇ يەردە بىر ئايغىر كىچىك تايچىغى بىلەن ئوتلاۋاتىدۇ. ئۇنى ئوزۇق قىل،ـدىدى يولۇچى .

بورى سۈيۈنگەن هالدا ئوستەڭگە يۈگەردى . ئايغىر تايچىغىنىڭ كوكرىگىگە قاراپ تىلىنى چىقاردى ۋە :

ـ هەي ، تايچاق. ئاشۇ كەتتىكى بىراۋ ماڭا ... يېيىشنى هاۋالە قىلدى، ـ دىدى.

ـ مېنى يېيىشكە نىمە هەددىڭ بار ؟ـ دىدى تايچاق ۋە ئانىسىنىڭ باغىرىغا ئوزىنى ئاتتى .

بورى خىرىسلاندى .

ـ بۇ نىمە دىگىنىڭ ؟ مەن بىلەن نىمە ئوينۇشۇپ يۈرۈيسەن ، ـ دىگىنىچە ئايغىرغا ئېتىلدى .

ئات ئۇنى بىر تېپىۋىدى ، بورى بىر نەچچە قەدەم يىراقلىققا دومۇلاپ چۈشتى . يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا تەكرار ئېتىلغاندا ، ئات يەنىلا قاتتىق پەشۋا بىلەن ئۇنى يەرگە ئۇردى ۋە بورىنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى . بورى مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ قېچىپ يو‑لۇچى يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا :

— ئى شەپقەتچىم ، تايچاقنى يېپىش ئىستىدىن ياندىم ، — دىدى .

— نىمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى يولۇچى .

— بىلىپ قويغىنكى ، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تۇياقلىرى ناھايىتى يوغان ۋە تېزلىك بىلەن غالىس قاتتىق تىگىدىكەن !

يولۇچى بىر ئاز چۈشەندۈرگەندىن كېيىن :

— ئۇندا قتا هازىرلا ئەشۇ ئوتلاقتا بار . شۇ يەردە بىر قوچقار ئوتلاۋاتىدۇ . ئۇنىڭ تۇياقلىرى كىچىك ، شۇنى ئوزۇق قىل ، — دىدى . بورى يولۇچى كورسەتكەن ياي‌لاقتا باردى ۋە قوچقارنى كوروپ:

— قوچقار قېرىنداش ، ئەشۇ يەردە بىر ئادەم ماڭا سېنى يىگىن دەپ كورسۇتۇپ قويدى . بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟— دەپ سورىدى .

— مادامىكى ، ئۇنداق بولسا ئويلاپ سوزلىشىم كېرەك . ساڭا قاندا قمۇ دەرهال جاۋاپ بىرەلەيمەن ؟ ساڭا بىرلا تەلىۋىم بار : مېنى تىتىپ پارچە — پارچە قىلما . سەن بۇ ئازگالنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئاغزىڭنى يوغان ئاچ ، مەن بۇ تەرەپتىن سەكرىگەنچە ئاغزىڭغا كىرىپ كېتەي ، — دىدى قوچقار .

بورى ئازگالنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى . قوچقار ئارقىسىغا يېنىپ بورىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاندى . شۇ ئان ئوخچۇپ سەكرىگەنچە بورىگە بىر كاللا ئۇردىكى ، بورى يەرگە يىقىلىپ ، ئىككى سائەتكىچە هۇشىغا كەلمىدى .

شۇ ئارىلىقتا قوچقار قېچىپ كەتتى . ناھايەتكى ، بورى هۇشىغا كىلىپ كوزىنى ئاچتى . بۇ چاغدا قوچقار ئاللا قاچان غايىپ بولغان ئىدى . بورى قوچقارنىڭ يوقلىغىنى پايقاپ دەرهال ئورنىدىن تۇردى — دە، مۇنداق دىدى:

— نىمە بولدۇم، قوچقارنى يىدىممۇ — يىمىدىممۇ؟ هالبۇكى مۇتلەق يىيەلمەيدىكەنمەن.

ئاتىلار سوزى شۇكى :

— ياۋ ئالدىدا مۇشتۇڭنى تۇگ .

## بورە بىلەن ئوكۇز

ئىككى ئوكۇز ئوستەڭ بويىدا ئوتلاۋاتاتتى. بىر بورە ئۇلارنى كوروپ ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى — دە ، بۇنى بىر پۇرسەت بىلىپ ئوكۇزلەرگە هۇجۇم قىلدى . ئوكۇزلەر بىرلىكتە ئېتىلىپ كەلدى . مۇڭگۇزلىرى بىلەن ئۇسسۇپ بورىنى قوغلىۋەتتى .

بورە بۇلارنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىقىنى كوردى — دە، ئارقىغا چېكىندى. ئۇ ، ئوكۇزلەرنى پارچىلاش ئۇچۇن باشقا بىر چارە ئويلاپ چىقتى . بىر كۇنى ئۇ ، ئوكۇزلەرنىڭ بىرسىگە يېقىنلىشىپ :

— ئەزىزىم ، كوزۇڭنى ئېچىپ ئاياققا قارا ، ئاۋۇ گۇزەل ئوستەڭگە بېرىپ ئوتلا ، ئەشۇ چوڭ ياي‌لاقتىكى تاتلىق ئوسكەن ئوتلارنى مەزە قىل. كېچىكمەي ئۇ ئوكۇزدىن ئايرىل، دىدى .

ئەقىلسىز ئوكۇز بورىنىڭ ھىلىسىگە ئالداندى ۋە ئوزىنىڭ شەپقەتلىك سەپدىشىدىن يىرا قلاشتى . شۇنداق قىلىپ بورە ئوكۇزلەرنى بىر - بىرىسىدىن ئايرىۋەتتى - دە، يەپ كەتتى .

ئاتىلار سوزى شۇكى :

- كۇچ- بىرلىكتىدۇر .

## بورە بىلەن مۇشۇك

قىش پەسلى ، يەر- جاھاننىقار قاپلاپ كەتكەن ئىدى . بىر بورىنىڭ قوسىغى ناھا- يىتى ئېچىپ كەتتى . بىرەر قوتانغا كىرىپ ، قوي - قوزىلارنى بۇلاپ يېيىش نىيىتىدە كەنتكە كىردى . ئىتلار ئۇنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ قىلىپ ھاۋشۇپ كېتىشتى . پۈتۈن كەنت ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ ، كىشىلەر ۋاڭ - چۇڭ كوتۈرۈپ، ئورە - توپە بولۇشۇپ كەتتى ۋە تەرەپ- تەرەپتىن بورىنىڭ يولىنى توستى .

بۇ ئەھۋالنى كورگەن بورە سەگەكلەشتى - دە : " ئوزۇمگە ئوزۇم بالا تېپىۋالىدىغان ئوخشايمەن ، ئەندى تەيمىچىلىك بىلەن قوسۇغۇمنى تويغۇزاي» - دەپ ئويلىدى . شۇ ئەسنادا بىر دىخاننىڭ ھويلىسىدا يۈرگەن مۇشۇكنى كوردى - دە، يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

ـ مۇشۇك قېرىندىشىم ، ھەممە ياندىكى يوللار توسۇلۇپ كەتتى . ماڭا ياردەم بەر .

مۇشۇك دىدى :

ـ ئەخمەت ئۇستامغا يالۋۇرغىن، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم .

ـ بۇ يىل يازدا ئۇنىڭ قويىنى يەپ كەتكەن ئىدىم ، يالۋۇرۇشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ .

ـ ئۇنداق بولسا ھەسەن تاغامنىڭ ئويى ئەتراپىغا بار .

ـ ئوتكەن يازدا ئۇنىڭ بىر موزىيىمنى باپلىغان ئىدىم .

مۇشۇك يەنە ئۇنىڭغا:

- بۇ ھەركىتىڭدىن ھىچبىر خوشاللىق ئۇچۇپ كەتكىنى يوق. بولمىسا گۈزەل ئانىنىڭ قېشىغا بار، ئۇ ناھايىتى چوڭ مەرھەمەتلىك خوتۇن، - دىدى.

بورە دىدىكى:

- ئۇنىڭ يېنىغا يۈزۈمنى كوتۈرۈپ بارالمايمەن، ئوتكەن يىلى ئۇنىڭمۇ بىر ئوشكىسىنى مەزە قىلغانتىم.

بۇ سوزدىن كېيىن مۇشۇك ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەردى :

ـ بۇ ھالدا سەن ئوزۇڭنى يوشۇرالمايدىكەنسەن. كەنتتىكى ھەممەيلەننىڭ جانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ يەپ كېتىپسەن. بۇگۈنكى كۈندە ئەندى كىمنىڭمۇ ساڭا ياردەم قىلغۇسى كىلەر؟

ئاتىلار سوزى:

1 . بورىدىن پادىچى چىقماس.

2 . بورىنىڭ نىقاۋى ئوزگىرەر، تەبىئىتى ئوزگەرمەس.

3 . بورىگە رەھىم قىلىش - قويغا زۇلۇم قىلىشتۇر.

(تۈركچىدىن ئىسلامجان شىرىپ تەرجىمىسى)

# كۆللۈك ئەدىيال

(ھىكايە)

دۇباۋ پىڭ

ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى ئىدى. ئوقۇتقۇچى گوگۇالەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخى تەكشۈرۈلمىگەن ئون نەچچە پارچە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك پائالىيىتى ئەنە شۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتەتتى. چۈنكى بۇنداق ئالدىراش بولۇشىدىكى سەۋەپ ئۇنىڭ قىزى سەي ـ سەي يەسلىدە بولغاچقا، ئۇنى يەسلىدىن ئېلىپ ئۆيگە بارغىچە رېلىسلىق تىراللىبۇسقا، ئاپتوۋۇزغا، رېلىسسىز تىراللىبۇسقا ئالمىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ يېرىم سائەت يول يۈرگەندە، ئاندىن سائەت 7 يېرىم دىگەندە ئاران ئۆيگە يېتىپ باراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كارىدورغا كىرىپلا قولىدىكى تور سومكىسىنى سەيسەيگە تۇتقۇزۇپ ئۇنى ئىچكەركى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتەتتى ۋە ئۆزى كونۇپ قالغان ئادەت بويىچە ئارىلىقتىكى ئۆيدە تۇرۇپ، چاپىنىنى يېشىپ، كارۋات ئۈستىگە تاشلايتتى ـ دە، يېڭىنى تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كېتەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئاۋالقىدەك بولاتتى. بىراق بۈگۈن گوگۇالەننىڭ كەيپىياتى ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قاش ـ كۆزلىرىدىن قانداقتۇ بىر خىل ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن كۆرۈۋچىنى يۆيىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن:

ـ مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ، ۋاقتى كەلگەندە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قانداقمۇ سىرتقا ئېلىپ كېتىمىز؟ ـ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. دەل شۇ چاغدا، سەي سەي ئاشخانىغا كىرىپ، باللارغا خاس خوشال كەيپىيات بىلەن ئەكىلەپ تۇرۇپ:

ـ ئاپا، سومكىڭىزنى ئىمىشكە ئېغىركىن دىسەم، بۈگۈن يېڭى ئەدىيال سېتىۋاپتىكەنسىز ـ ھە؟ پاھ، بۇ ئەدىيال نىمە دىگەن چىرايلىق! ئۇنى كارۋاتقا سېلىپ قويامدۇق؟ ماۋۇ بوتۇلكىدىكى نىمە؟، مىۋە سۈيىمۇ؟... ـمانا بۇ سوئاللار ئوقۇتقۇچى گوگۇالەننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئازاپلاپ، گويا يېرىلغان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇ بۇ سوئاللارغا جىداپ تۇرالماي كەسكىن ھالدا:

ـ نىمانچە سوراۋېرىسەن، ئۇنى سورىمىساڭچۇ، ماڭ ئاۋۇ جايىڭنى ئېلىپ كەل! ـ دىدي،

سەي سەي بۇ گەپكە چىداپ تۇرالماي، قارا قاش كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ، ئويماقتەك ئاغزىنى ئومچەيتتى. بۇ گۈگۈلەننىڭ ئىچ - باغرىنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى. ئۇ جىددى ۋە رەڭگى ئۆچكەن ھالدا:

— قىزىم سەي سەي، بۇ ئەدىيالنى ئۆزىمىزگە سېتىپ ئالمىغان.... تۇرمۇشتا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددى - ساددا ياشاش دېگەننى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ ئىككى بوتۇلكا مېۋە سۈيى ئەمەس، ھاراق. ئۇنى ئىمىشكە ئالغانلىغىمنى سورىمىغىن. ئاۋۇ جاڭيۇلى ئاپاڭغا ئەكىلىپ بەرگىنە قىزىم، - دېدى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپ. ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى چۈشۈنۈپ قالغان سەي سەي يەنە قايتا سوراپ ئولتارمىدى. چۈنكى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاپىسى سۆزلەپ بىرىدىغانلىغىنى سەي سەي ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇ راستىنلا شۇنداق ئىدى. چۈنكى سەي سەي گۈگۈلەننىڭ يالغۇز بىرلا قىزى ئىدى. توت يىلدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان. شۇڭا ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە ئاپىسىنىڭ ھازىر ھەم قىزى،ھەم موڭدىشىدىغان سىرداش دوستى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ گەرچە ياشقا باللاردىن كىچىك بولسىمۇ، ئالتە ياشقا توشا - توشماي تۇرۇپ ھەممە نەرسىنى پىششىق بىلەتتى. ئانىسىنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوبدان ئىشلەيتتى.

— ۋىيەي، ئاپا جاڭيو تۈگەپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ - دېدى سەي سەي جاڭيۇ بوتۇلكىسىنى كوتۇرۇپ چىقىپ.

— ھە، راست، - دېدى ئوقۇتقۇچى گۈگۈلەن ئالدىغا تارتىۋالغان پەشتامىنىنى يېشىپ تۇرۇپ. ئاندىن قىزىغا:

— سەيسەي، سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇر، ئاپاڭ جاڭيۇ ئەكىلىۋالسۇن جۇمۇ قىزىم، - دېدى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ چاپىنىنى كىيىپ، جاڭيۇ بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئۇچقاندەك ماگىزىنغا چىقىپ كەتتى.

سەي سەي ئۆزى يالغۇز ئۆيدە قالدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆز - ئۆزىگە قورققاندەك دېرىزىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ تالاغا قاراپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا، سىرتتىن بىرسى ئىشىكنى قاقتى.

— كىم؟- سەيسەي ئىشىك تەرەپكە قاراپ سورىدى.

— مەن! - نامەلۇم كىشى ئىشىكنىڭسىرتىدىن جاۋاپ بېرىپ -، گۈگۈلەن مۇشۇ ئۆيدىمۇ؟- دەپسورىدى. سەيسەيدېرىزىدىنسەكرەپچۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىپسىرتقا قارىدى، سىرتتا بولسا كوز ئەينەك تاقىغان بىر كىشى تۇراتتى. قىز ئۇنى كورۇپ:

— تاغا، ئاپامنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ ئاپام ھازىرلاجاڭيۇ ئالغىلى كەتكەن ئىدى، سەل توختاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا كېلىدۇ دەپ جاۋاپ بەردى.

— مەن7-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاپىڭىز بىلەن بىرگە ئىشلەيمەن، - دېدىھېلىقى كىشى، ئاندىن ئۇ، ئۆيگە كىرىپ كارۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ :

— ئېتىڭىز نىمە؟ - دېدى!

— سەي سەي.

— سىز لىگچۇ؟
— جاڭ شىن، سىلەر كەچكى تاماقلارنى تېخى يېمىدىڭلارمۇ؟
— ياق، تېخى تاماق ئەتمىدۇق.
— سىلەر ھەر كۈنى مۇشۇنداق كەچ تاماق يەمسىلەر؟
— ھەئە . . . — جاڭ شىن تېخى يېقىندىلا يوتكۇلۇپ كېلىپ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا
سېكرېتارى بولغان، ئۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، گوگۇالەننىڭ ئويىدە ئاز - تولا قىيىن-
چىلىق بار ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا بۈگۈن ئۇنىڭ ئويىگە
كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەترا پلىق نەزەر تاشلىدى.
بۇ ئوي گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن رەتلىك ۋە پاكىزە ئىدى. دېرىزە ئەينەك-
لىرى ۋاللىداپ پاقىراپ تۇراتتى. جاڭ شىن بۇلارنى كۆرۈپ ئىچىدە، گوگۇالەن بۇنداق يې-
راق جايدا ئولتۇرۇپ، بۇ ئوينى شۇنداق پاكىزە تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تازا ئىشچان، ھارماس ئايال
ئىكەن - دە! دەپ ئويلىدى. ئاندىن كوز ئەينىگىنى قولىغا ئېلىپ سۇرتەي دېۋىدى، ئۇنىڭ كوزى
يالت قىلىپ چامىدا نىنىڭ ئۇستىگە چۈشتى. چامىدا نىنىڭ ئۇستىدە ئىككى بوتۇلكا «شىفىڭ» ماركى-
لىق ھاراق، ئۇنىڭ يېنىدا قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر بوپا تۇراتتى. ئۇ بۇنەرسىلەرنىڭ سىرىنى
بىلگىچە ئىچى پۇشتى - دە، ئىچىدە ئۇنىڭ بۇنداق قىيىنچىلىغى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ
ئويدە ئەر بولمىسا، بۇنداق قىممەت ھاراقنى ئېلىپ نىمە قىلىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. سەي سەي
ئۇنىڭ بوتۇلكىغا تىكىلىپ قارىغانچە خىيال سۈرۈۋاتقانلىغىنى كورۇپ، يۈگرەپ بېرىپ قەغەز-
گە ئورالغان بوپىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھىلىقى ئەدىيال چىرايلىق قاتلىنىپ تۇراتتى.
ئۇ ئەدىيال ھاۋارەڭ "دى چوېلياڭ" بولۇپ تۇت بۇرجىكىگە ھەر خىل گۈللەردىن كەشتە بېسىل-
غان. جاڭ شىن ئۇنى كورۇپ بېشىنى لىڭشىتقانلىغىنىمۇ سەزمەي قالدى ۋە گوگۇالەن تۇر-
مۇش كوچۇرۇشنىڭ ئېپىنى ھەقىقەتەن بىلمەيدىكەن، دەپ ئويلىدى.
(داۋامى بار) (ئابدىرېھىم تەرجىمىسى)

(بېشى 106 - بەتتە)
سەنئەت خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقلىرىنى ئۇگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت ئى-
جادىيىتى سوھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئوتكەن يىللىقى گۈزەل
سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلەندى؛ 1982- يىللىق گۈزەل
سەنئەت ئىجادىيەت ۋەزىپىسى ۋە پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر
يېڭى بىر يىل ئىچىدە روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دادىل ھەركەتلىنىپ، تېخىمۇ كوپ، تېخىمۇ ياخ-
شى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنى گۈل-
لەندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدىنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۇچۇن توھپە
قوشىدىغانلىق ئىرادىلىرىنى بىلدۇرۇشتى.
يىغىن، ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق
كوروش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىغا مەھەممەت ھېيت، يەن كىچىك، ئەبەيدۇللا مە-
ھەت، تۇردى ئىمىن، شۇي دىڭجىي، فەن گوشاڭ 6 نەپەر كىشى كورسۇتۇلدي.

# گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرايلى

13- يانۋاردىن 15- يانۋارغىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بولۇمى، مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى بىرلىكتە گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، بىۋاستە قاراشلىق بىر قىسىم ئورۇنلاردىكى گۈزەل سەنئەت خادىملىرى بولۇپ 50 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. كوپچىلىك مەركەزنىڭ ئەدەبىيات-

(ئاخىرى 105 - بەتتە)




يىغىن مەيدانى






ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بولۇمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى لوميڭجاۋ ( ئوڭدىن 1 - كىشى ) ، مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ جۇجاڭى تيەن فاشىن ( ئوتتۇردا ) ، مۇئاۋىن جۇجاڭى ئەزىز خۇدابەردى ( سولدىن 1 - كىشى ) لار يىغىندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا سوز قىلدى .




↑ گۈرۈپپا يېغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.



← مەمتىمىن ناماننىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى، كۆرسەتمەكتە.

(سۈرەتنى جورى قادىر تارتقان)



↑ كوخوادىن ماھارەت كۆرسىتىش.

(سۈرەتنى جورى قادىر تارتقان)



ماھارەت كۆرسىتىش .

بۇ ساندىكى
ئىمزاسىز
سۈرەتلەرنى
چۈەن دېيىپى
تارتقان.



گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىش.



دەم ئېلىش ئارىلىقىدا مەشىق قىلىش.

ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ گۇەنجاڭى يولداش شۆي دېگجىي خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.



# هوسنخەت گۈلزارىدا ئېچىلۋاتقان گۈللەر

مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار 20 - يانۋار ۋىلايەت بويىچە 1982 - يىللىق باھار بايرىمىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن هوسنخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىغا خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوسنخەت ھەۋەسكارلىرىدىن 126 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئاياللار، شۇنداقلا دېموكراتىك زاتلار، پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياش - ئۆسمۈرلەر بار. يېشى ئەڭ يۇقۇرىلار 70 ياش، يېشى ئەڭ كىچىكلەر 7 ياش، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئۇيغۇرلار، خەنزۇلاردىن ئىبارەت 2 گۇرۇپپا بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇلار 5 خىل خەت تۈرى بويىچە، ئۇيغۇرلار كونا يېزىق (ئەرەپ يېزىغى، پارىس يېزىغى، تۈرك يېزىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېڭى يېزىقتىن ئىبارەت 7 خىل تۈر بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشتى. مۇسابىقە جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 241 پارچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولۇپ، كىشىگە ئىلھام ۋە تەربىيە بېرىدۇ. كۆپلىگەن هوسنخەتلەرنىڭ رېڭى ناھايىتى ئېنىق، يېزىلىشى راۋان بولۇپ، ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ كۆرسىتىشى ۋە باھالاش ھەيئىتىنىڭ كۆرۈپ بېكىتىشىگە ئاساسەن، 12 كىشى بىرىنچى دەرى-

(ئاخىرى 109 - بەتتە)








⇧ مۇسابىقە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش

⇖ خەنزۇچە خەت تۈرى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن يولداش جىلىڭ جىمىن كۆپچىلىككە هوسنخەت ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە.


⇦ ياش ئۆسمۈرلەرمۇ مۇسابىقىغا قاتناشتى.





↑ سوھبەت يىغىنى

← تاماشابىنلار ھوسنىخەت مۇسابىقىسىغا قو-
يۇلغان خەتلەرنى كۆرۈشمەكتە.



بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھوس-
نىخەت ( يېڭىسار ناھىيىلىك كىنوخانىدىن ۋاست
نۇر يازغان )



ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى يولداش مامۇت ئۇشۇر سوھبەت يىغىنىدا
سۆز قىلدى



بىرىنچى دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھوس-
نىخەت (ۋىلايەتلىك سودا
ئىدارىسىدىن يالقۇن
يازغان )




(بېشى 108 - بەتتە)

جىلىك مۇكاپاتقا، 24 كىشى ئىككىنجى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 33 كىشى ئۈچىنجى دەرىجە-لىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. مۇسا-بىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھوسنىخەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان يولداشلار سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ھوسنىخەت سەنئەت پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشتى.

# چەتئەل ئەدەبىيات گۈلزارىدىن كۆپچىلىككە تەقدىم

لۇشۈن بىلەن گومورو ھەر ئىككىسى ياش ۋاقىتلىرىدا دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، كېيىن يەنە دوختۇرلۇقنى تاشلاپ، ئەدەبىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت جەڭچىلىرى بولۇپ قالدى. لېكىن قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەرگۈزەشتىگە ئىگە ئاتاغلىق يازغۇچىلار ئاز ئەمەس.

ئاتاغلىق شائىر شېللىر ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ جانلىق، ئەڭ ياش رومانتىك شائىرى دەپ ماختىلغان شائىر جون جونۇس 16 يېشىدىن تارتىپلا دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن ياردەمچى ۋراچ ئىدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يېڭى رومانتىك يازغۇچى ئارتۇر كونان دويىلې خورمۇستىن ئىبارەت بۇ رازۋېتچىكنىڭ تىپىنى يارىتىش بىلەن دۇنيادا داڭقىنى چىقارغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتىتىدا تىببىي ئىلمىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، تىببىي ئىلىم دوكتورى دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

"زامانىمىزدىكى جۇڭگونى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇشقا ماھىر" بولۇش بىلەن مەشھۇر بولغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادى، ئەنگلىيىلىك ئايال يازغۇچى خەن سۇيىن 16 يېشىدا يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتىتى (ھازىرقى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتىتى) نىڭ تىببىي پەن كەسپىگە كىرىپ ئوقۇغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، بېلگىيىگە بېرىپ بىريۇسسىل شەھىرىدە يەنە دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، ئۇ 1944 - يىلى 27 يېشىدا لوندون قىزلار تىببىي مەكتىۋىدە تولۇق مەلۇمات ئاشۇرغان.


رۇسىيىنىڭ ئاتاغلىق ھېكايە يازغۇچىسى ۋە دىراماتورگى چېخوپ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتىتى تىببىي ئىلىم پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇزاقتىن بۇيان دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

(ھوشۇر توختى تەرجىمىسى)

مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلغان قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش خۇلاسە يىغىنىدا، مەكىت ناھىيىسىدىكى خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەرتىستلىرى ماھارەت كورسەتمەكتە.



قالۇن چېلىش



داپ ئۇسسۇلى



ئىككى كىشىلىك ئەيتىشىش

( تۇرغۇن تۇرسۇن فوتوسى )

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى
خەتتىنى يازغۇچى: ئابدىكېرىم ئۆمەر


**قەشقەر ئەدەبىياتى (11- يىل نەشرى)**

**1982 - يىل 2 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)**

---

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى : مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ
ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشخانىسى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما لېستى: 7 تاۋاق، پارچە سېتىلىش باھاسى 30 فۇڭ
ژورنال نومۇرى 62 — 58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى : 041

---

**《喀什噶尔文学》(双月刊)**

**1982年第二期**

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什行署文化处文艺创作办公室
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮局及新华书店
代号：58—62
新疆维吾尔自治区期刊登证　041号